# يېڭى ئۇسلۇبتىكى تەجۋىد قوللانمىسى

## دليل التجويد فى الثوب الجديد

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

## التقديم

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

الحمد لله حمداً كثيراً طيباً مباركاً فيه، كما ينبغي لجلال وجهه، وعظيم سلطانه، لا اله إلا الله ولا نعبد إلا إياه، مخلصين له الدين وأزكى صلوات الله وتسليماته على سيدنا وإمامنا، وأسوتنا وحبيبنا محمد، الذي كانت صلاته ونُسُكه ومحياه ومماته لله رب العالمين .

ئاللاھقا ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە بۈيۈك سەلتەنىتىگە لايىق بارلىق پاك، مۇبارەك مەدھىيە ـ تەرىپ خاستۇر! ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، بىز ئاللاھقىلا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىمىز! ئاللاھنىڭ پاك سالام ـ تەبرىكلىرى بىزنىڭ خوجىمىز، ئىمامىمىز، ئۈلگىمىز، دوستىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولسۇنكى، ئۇ زاتنىڭ نامىزى، قۇربانلىقى، ھاياتلىق ۋە ماماتلىقى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈنلا بولغان ئىدى.

قال الله تعالى : ﴿ورتل القران ترتيلا﴾ ، يەنى «قۇرئاننى دانىمۇ دانە ئوچۇق ئوقۇغىن!» ــ سۈرە مۇزەممىل 4 ـ ئايەت

قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : ﴿اقرؤوا القران بلحون العرب وأصواتها﴾ ، يەنى «سىلەر قۇرئاننى ئەرەبلەرنىڭ شېۋىسى ۋە ئاھاڭى بويىچە ئوقۇڭلار!» رواه البيهقي في شعب الايمان.

ئەرەب تىلى ھەرپلىرى ئۇيغۇرلار 12 ـ ئەسىردە ئەرەب تىلى ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللانغاندىن باشلاپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان يېزىق ئىسلاھاتىغا قەدەر چاغاتاي تىلى نامىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىپ كەلگەن، شۇنىڭدەك ھازىرقى ئۇيغۇر يېزىقىدىمۇ ئەسلىي ئەرەب تىلى ئېلىپبەسىگە تەۋە 21 ھەرپ قوللىنىلىپ كەلمەكتە.

بۇ ھەرپلەر يېزىق تەركىبىدە تەبئىي رەۋىشتە ساقلىنىپ، ئەرەبچىدە قانداق بولسا، ئۇيغۇر يېزىقىدىمۇ شۇنداق يېزىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئەرەب تىلىدىكى كۆپ قىسىم بىر مەنبەلىك ھەرپلەرنىڭ ئىككى تىلدىكى تەلەپپۇزى تۈپتىن پەرقلىنىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە بۇ ھەرپلەرنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ئىشلىتىلىش ئىشلىتىلمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر، ئەرەب تىل ـ يېزىقى ۋە قۇرئاننى ئۆلچەملىك تەلەپپۇز قىلىش، شۇنداقلا چاغاتاي ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنى بىلىش

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن چوقۇم ئەرەب تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قائىدە-قانۇنىيەتلىرىنى پىششىق بىلىش زۆرۈردۇر.

يېقىنقى مەزگىللەردىن بۇيان ئەرەب تىلى فونېتىكىسىغا ئائىت بىر قىسىم كىتابلار نەشر قىلىنىپ، بىر مەھەل كىتابخانىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قامداپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەرەب تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس گىرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەرەب تىلى فونېتىكىسىغا بولغان قىزغىنلىقى ۋە ئېھتىياجى بۇ ساھەدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزدىنىشىمىزنى تەلەپ قىلىۋاتقانىدى.

بىز بۇ زۆرۈرىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىلگىرى نەشر قىلىنغان ئەرەب تىلى فونېتىكىسىغا ئائىت كىتابلارنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەمچىل تەرەپلىرىنى تولۇقلاش ئاساسىدا قولىڭىزدىكى بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتۇق.

(1) بۇ كىتاب ئەرەب تىلى ئېلىپبە قىسمى، ئەرەب تىلى «تەجۋىد» نەزەرىيەسى قىسمى ۋە «تەجۋىد» قائىدىلىرى تەتبىقلانغان قوللىنىشچان مەشىق قىسمىدىن ئىبارەت ئۈچ ئاساسىي بۆلەكتىن تەركىب تاپقان.

(2) ئېلىپبە قىسمىغا قوشۇمچە قىلىپ بېرىلگەن ئۇنىۋېرسال مەشىقلەرنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، ھەربىر

مەشىقتىكى تېما مەزمۇنى مەخسۇس رەڭ بىلەن ئايرىپ كۆرسىتىلدى.

(3) ئاساسىي ۋە قوشۇمچە تەجۋىد قائىدىلىرى ئۆز تېمىسىدا ئىزاھلىنىپ ئۆتۈلۈشتىن باشقا، يەنە چۈشىنىشكە ئاسان بولۇش ئۈچۈن، مۇھىم دەپ قارالغانلىرى دەرس ئاخىرىدا جەدۋەل بىلەن تەپسىلىي كۆرسىتىلدى.

(4) قوللىنىشچان مەشىق قىسمىدا ئاساسىي «تەجۋىد» قائىدىلىرى شەرتلىك رەڭ بەلگىلىرى بىلەن كۆرسىتىلىپ، كىتابنىڭ ئۈنۈمدارلىقى ۋە قوللىنىلىشچانلىقى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇلدى. ئىشىنىمىزكى، بۇ كىتاب كونا-يېڭى ئوقۇرمەنلەرنىڭ چاغاتاي تىلى ۋە ئەرەب تىلى فونېتىكىسىنى ئۆگىنىشى ۋە تەتقىق قىلىشىدا ياخشى ھەمراھى بولۇپ قالغۇسى!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


1 ـ دەرس: ئەرەب تىلى ھەرپلىرى «الحروف العربية» ............................. 1

2 ـ دەرس: ئەرەب تىلىدىكى تاۋۇش بەلگىلىرى — ئۇقۇلغۇلار «الحركات والسكون» ............................................................. 6

3 ـ دەرس: تاۋۇش بەلگىلىرىگە ئالاقىدار بىر قىسىم قائىدىلەر............... 10

4 ـ دەرس: ئۇنىۋېرسال مەشىقلەر «التمارين العامة» ............................. 13

5 ـ دەرس: تەجۋىد ئىلمىنىڭ رولى «دور علم التجويد» ......................... 41

6 ـ دەرس: تاۋۇش چىقىرىش ئورۇنلىرى «مخارج الحروف» ...................... 45

7 ـ دەرس: ھەرپلەرنىڭ سۈپەتلىرى «صفات الحروف» ............................ 51

8 ـ دەرس: چوڭ تەلەپپۇز ۋە ئىنچىكە تەلەپپۇز «التفخيم والترقيق» .......... 60

9 ـ دەرس: بەزىدە چوڭ، بەزىدە ئىنچىكە تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپلەر «حروف تفخّم أحيانا وترقّق أحيانا» ........................................ 62

10 ـ دەرس: ساكىنلىق «ن» ۋە تەنۋىننىڭ قائىدىسى «احكام النون الساكنة والتنوين» ............................................................ 67

11 ـ دەرس: ئوچۇق تەلەپپۇزنىڭ قائىدىسى «الإظهار»............................. 70

12 ـ دەرس: كىرىشتۈرمە تەلەپپۇزنىڭ قائىدىسى «الإدغام» .................... 73

13 ـ دەرس: ئالماش تەلەپپۇز «الإقلاب» ۋە يوشۇرما تەلەپپۇز «الإخفاء» نىڭ قائىدىسى ........................................................ 80

14 ـ دەرس: ساكىنلىق «م»، تەكرار ئوقۇلدىغان «م» ۋە «ن» نىڭ تەلەپپۇز قائىدىسى ................................................ 83

15 ـ دەرس: ساكىنلىق «ل» لارنىڭ تەلەپپۇز قائىدىلىرى «حكم اللامات الساكنة» ........................................................ 85

16 ـ دەرس: مەد ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى «المد وأقسامه» ........................... 89

17 ـ دەرس: ئەسلىي مەدنىڭ تۈرلىرى «أقسام المد الأصلي» .................... 91

18 ـ دەرس: تارماق مەدنىڭ تۈرلىرى «أقسام المد الفرعي» ..................... 95

19 ـ دەرس: لازىملىق مەدنىڭ تۈرلىرى «أقسام المد اللازم» .................. 98

20 ـ دەرس: ئۇلاق ھەمزە ۋە ئۈزۈك ھەمزە «همزة الوصل والقطع» .......... 100

21 ـ دەرس: پۈتۈنلەي ساكىن قىلىپ توختاش «الإسكان المحض»، ھەرىكەتنى تۆۋەنلىتىپ توختاش «الروم» ۋە لەۋنى ئۈچلاپ توختاش «الإشمام» نىڭ بايانى ........................................................ 103

22 ـ دەرس: بەزى سۈرىلەرنىڭ بېشىدىكى ئۈزۈك ھەرپلەر «الحروف المقطعة» ........................................................................ 107

23 ـ دەرس: قۇرئاندىكى سەجدە ئايەتلىرى «أيات السجدة» ................. 111

24 ـ دەرس: ئىستىئازە، بەسمەلە ۋە قىرائەت ئۇسۇللىرى «أحكام الإستعاذة و البسملة والتلاوة» .................................................. 115

ئۇيغۇر كىتاب تورىبىكىتى
www.uyghurkitap.com

25 ـ دەرس: قىرائەتنــى باشلاشــنىڭ بىــر قــانچە تــۈرى «أنــواع الإبتــداء فى التلاوة» ........................................................................... 118

26 ـ دەرس: توختاشنىڭ بايانى «بيان الوقف» .................................. 119

27 ـ دەرس: توختاش بەلگىلىرى «علامات الوقف» ............................... 124

28 ـ دەرس: تىنىقسىز توختاش «بيان السكت».................................. 126

29 ـ دەرس: قۇرئاندىكى مۇھىم بەلگىلەر «العلامات المهمة فى القران»........ 127

30 ـ دەرس: قوللىنىشچان مەشىق «التمرين التطبيقي» ......................... 130

31 ـ دەرس: ئېغىز كۆندۈرۈش مەشىقى «التمرين الشفوي» .................... 206

# 1 ـ دەرس: ئەرەب تىلى ھەرپلىرى «الحروف العربية»

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ا | ب | ت | ث | ج |
| ئەلىف | بائ | تائ | سائ | جىم |
| ح | خ | د | ذ | ر |
| ھائ | خائ | دال | زال | رائ |
| ز | س | ش | ص | ض |
| زائ | سىن | شىن | سۇاد | دۇاد |
| ط | ظ | ع | غ | ف |
| تۇائ | زۇائ | ئەين | غەين | فائ |
| ق | ك | ل | م | ن |
| قاف | كاف | لام | مىم | نۇن |
| و | ه | لا | ء | ي |
| ۋاۋ | ھائ | لام ئەلىف | ھەمزە | يائ |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# ھەرپلەرنىڭ ھەرقايسى كېلىش شەكىللىرى

| يالغۇز | ئاياغ | ئوتتۇرا | باش | № |
|---|---|---|---|---|
| ا ء | ـا ـا | ـئـ ـو | ا | 1 |
| ب | ـب | ـبـ | بـ | 2 |
| ة ـة | ـت ـت | ـتـ | تـ | 3 |
| ث | ـث | ـثـ | ثـ | 4 |
| ج | ـج | ـجـ | جـ | 5 |
| ح | ـح | ـحـ | حـ | 6 |
| خ | ـخ | ـخـ | خـ | 7 |
| د | ـد | ـد | د | 8 |
| ذ | ـذ | ـذ | ذ | 9 |
| ر | ـر | ـر | ر | 10 |
| ز | ـز | ـز | ز | 11 |
| س | ـس | ـسـ | سـ | 12 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ش | ـش | ـشـ | شـ | 13 |
| ص | ـص | ـصـ | صـ | 14 |
| ض | ـض | ـضـ | ضـ | 15 |
| ط | ـط | ـطـ | طـ | 16 |
| ظ | ـظ | ـظـ | ظـ | 17 |
| ع | ـع | ـعـ | عـ | 18 |
| غ | ـغ | ـغـ | غـ | 19 |
| ف | ـف | ـفـ | فـ | 20 |
| ق | ـق | ـقـ | قـ | 21 |
| ك | ـك | ـكـ | كـ | 22 |
| ل | ـل | ـلـ | لـ | 23 |
| م | ـم | ـمـ | مـ | 24 |
| ن | ـن | ـنـ | نـ | 25 |
| و | ـــو | ـــو | و | 26 |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 27 | ھـ | ـھـ | ـە | ە |
| 28 | يـ | ـيـ | ـي | ي |

(1) ئەرەب تىلى ھەرپلىرى 29 بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر تىلى تەلەپپۇزىغا ماس كېلىدىغانلىرىمۇ بار، ماس كەلمەيدىغانلىرىمۇ بار. ئۇيغۇر تىلى تەلەپپۇزىغا ماس كەلمەيدىغان ھەم ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىل-يېزىقىدا ئىشلىتىلمەيدىغان ھەرپلەر سەككىز بولۇپ، ئۇلار «ث، ح، ص، ض، ط، ظ، ع، ذ» لاردىن ئىبارەت.

ئەسكەرتىش: ئەرەب تىلى ھەرپلىرى 29 بولۇپ، يۇقىرىقى جەدۋەلدىكى «لا» مۇستەقىل ھەرپ بولماستىن، بەلكى «ل» ۋە «ا» دىن ئىبارەت ئىككى ھەرپنىڭ بىرىكمىسىدۇر. شۇنىڭدەك، ئەرەب تىلىدىكى «ا» ۋە «ء» ھەرپى باشقا 27 ھەرپكە ئوخشاش مۇستەقىل ھەرپ بولماستىن، بەلكى «ا» مەلۇم بىر سوزۇق تاۋۇش بەلگىسى (ھەرىكەت) ئارقىلىق «ء» دەپ سانالسا، «ء» ھەرپى سوزۇق تاۋۇش بەلگىلىرى (ھەرىكەت) دىن ئايرىلىپ ساكىن بولغان ئەھۋالدا «ا» دەپ قارىلىدۇ.

(2) يۇقىرىقى سەككىز ھەرپتىن باشقا 21 ھەرپ ئۇيغۇر تىلىدا بار ھەرپلەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە «ف،

و،ج»دىن ئىبارەت تەلەپپۇز قىلغان ۋاقىتتا ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئۈچ ھەرپ بار. ئادەتتە «ف» ھەرپىنى «پ» تەلەپپۇز قىلىدىغان، «و» ھەرپىنى «ۋى» تەلەپپۇز قىلىدىغان، «ج» ھەرپىنى «ژ» تەلەپپۇز قىلىدىغان ئەھۋاللار ئىنتايىن كۆپ، شۇڭلاشقا «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇغان ۋە ئەرەبچە تېكىستلەرنى تەلەپپۇز قىلغان ۋاقىتتا يۇقىرىقى ئۈچ ھەرپكە بەك دىققەت قىلىش كېرەك. مەسىلەن: ئايەتتىكى: «وَجَنَّاتٍ أَلْفَافًا، مَجْنُونٌ» دېگەن سۆزلەرنى «ۋەجەنناتىن ئەلپاپا، مەژنۇن» دەپ تەلەپپۇز قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



# 2 ـ دەرس: ئەرەب تىلىدىكى تاۋۇش بەلگىلىرى — ئۇقۇلغۇلار «الحركات والسكون»

ئەرەب تىلىدىكى ھەرپلەر ئومۇمەن ئۈزۈك تاۋۇشلۇق ھەرپلەر بولۇپ، تاۋۇش بەلگىلىرى (ئۇقۇلغۇلار) ئەرەب يېزىقىنى ئوقۇشتا ئاساس بولىدىغان شەرتلىك بەلگىدۇر.

سۆزلەرنى توغرا ئوقۇشتا تاۋۇش بەلگىلىرىنىڭ رولى ئىنتايىن زۆرۈر، تاۋۇش بەلگىلىرى ھەرپلەرنىڭ ئاستى-ئۈستىگە قويۇلىدىغان تۈرلۈك بەلگىلەر بولۇپ، ھەرپلەرنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەرەب يېزىقىدىكى رولىنى پۇختا ئىگىلەش كېرەك.

ئەرەب تىلىدىكى تاۋۇش بەلگىلىرى بەش تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. ساكىن «ْ»، بۇ بەلگە ھەرپلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇلۇپ، ئۆزى قويۇلغان ھەرپنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ بىلەن قوشۇلۇپ يېپىق بوغۇم ھاسىل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: «سَيْفٌ، دَرْسٌ».

2. سوزۇق تاۋۇش بەلگىلىرى «الحركات»، ئۇلار ئۈچ

تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

(1) زەبەر «ـَ» ، بۇ بەلگە ھەرپلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇلۇپ، سوزۇق تاۋۇش ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدۇ، بۇ بەلگە قويۇلغان ھەرپ تاۋۇشىغا تىلىمىزدىكى «ئە» تاۋۇشى قوشۇپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: « قَلَمٌ، سَبَبٌ» .

(2) زىر «ـِ» ، بۇ بەلگە ھەرپلەرنىڭ ئاستىغا قويۇلىدۇ، مەزكۇر بەلگە قويۇلغان ھەرپلەرنىڭ ئەسلىي تاۋۇشىغا تىلىمىزدىكى «ئى» تاۋۇشى قوشۇپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: « كِتَابٌ، صِرَاطٌ» .

(3) پەش «ـُ» ، بۇ بەلگە ھەرپلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇلۇپ، تىلىمىزدىكى «ئۇ» تاۋۇشىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: « طُهُورٌ، كُتُبٌ» .

3. سوزۇلما سوزۇق تاۋۇش بەلگىلىرى «المد» ، سوزۇلما سوزۇق تاۋۇشلار يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن ئۈچ خىل تاۋۇش بەلگىسى بىلەن «ا، و، ي» قاتارلىق ئۈچ ھەرپنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشىدىن شەكىللىنىدۇ، ئۇ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

(1) زەبەرلىك سوزۇلما سوزۇق تاۋۇش بەلگىسى «فتحة ممدودة» ، بۇ بەلگە ئادەتتە سۆز ئاخىرىدىكى «ا» بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ، مەزكۇر بەلگە قويۇلغان ھەرپنىڭ ئەسلىي تاۋۇشىغا «ئە» تاۋۇشى قوشۇلۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



«ئا» تاۋۇشىغا مايىلراق ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: « كَاتِبٌ، عَالِمٌ » .

(2) سوزۇلما پەش « ضمة ممدودة» ، پەش بىلەن ساكىننىڭ ئۇچرىشىشىدىن يەنى «و» ھەرپى ساكىنلىق، ئالدىنقى ھەرپ پەشلىك بولغاندا شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن: « صُدُورٌ ، غَفُورٌ» .

(3) سوزۇلما زىر «كسرة ممدودة» ، زىر بىلەن ساكىننىڭ ئۇچرىشىشىدىن يەنى «ي» ھەرپى ساكىنلىق، ئالدىنقى ھەرپ زىرلىك بولغاندا شەكىللىنىدۇ، ئادەتتە بۇ ئەھۋالدا سۆزگە تىلىمىزدىكى «ئـي» تاۋۇشى قوشۇپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: « قِيْلَ ، جِيْلَ» .

4. نۇنلاشقان تاۋۇش بەلگىسى «التنوين» ، بۇ خىل بەلگە قوشۇلغان ھەرپكە «ن» تاۋۇشى قوشۇپ ئوقۇلىدۇ، ئەمما قوشۇلغان تاۋۇش يېزىقتا ئىپادىلەنمەيدۇ، نۇنلاشقان تاۋۇش بەلگىسى « ً ، ٌ ، ٍ » قاتارلىق ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

(1) قوش زەبەرلىك تاۋۇش بەلگىسى «الفتحان» ، ئۇ « ً » بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، بۇ بەلگە سۆز ئاخىرىغا قويۇلىدىغان بولۇپ، ئۇ ھەرپلەرگە قويۇلغان ئەھۋالدا شۇ ھەرپنىڭ ئەسلىي تاۋۇشىغا ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئەن» تاۋۇشى قوشۇپ ئوقۇلىدۇ.

ئەسكەرتىش: مەزكۇر قوش زەبەر ھەرپلەرگە قوشۇلغان ۋاقىتتا «ت» ھەرپىنىڭ «ة،ۃ» شەكلى ھەمدە ھەمزە «الهمزة» دىن باشقا ھەرپىنىڭ ئاخىرىغا بىر دانە «ا» قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن: «حَامِدًا، دَرْسًا».

(2) قوش زىرلىق تاۋۇش بەلگىسى «الكسرتان»(ٍ)، بۇ بەلگە سۆز ئاخىرىدىكى ھەرپ ئۈستىگە قويۇلىدۇ، مەزكۇر بەلگە قويۇلغان ھەرپىنىڭ ئەسلىي تاۋۇشىغا تىلىمىزدىكى «ئىن» تاۋۇشى قوشۇپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: «كِتَابٍ، مَكْتَبٍ».

(3) قوش پەشلىك تاۋۇش بەلگىسى «الضمتان» (ٌ)، بۇ بەلگە ئوخشاشلا سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا قويۇلىدۇ، بۇ بەلگە قويۇلغان ھەرپلەرنىڭ ئەسلىي تاۋۇشىغا تىلىمىزدىكى «ئۇن» تاۋۇشى قوشۇپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: «كِتَابٌ، سَلَامٌ».

5. تەكرار تاۋۇش بەلگىسى «ّ»، بۇ بەلگە ھەرپلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدۇ، بۇ بەلگە قويۇلغان ھەرپ ئىككى قېتىم تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، ئاۋۋالقىسى ساكىنلىق، ئاخىرقىسى ھەرىكەتلىك ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: «عَدَّ = عَدْ + دَ، فَرَّ = فَرْ+رَ».

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# 3 ـ دەرس: تاۋۇش بەلگىلىرىگە ئالاقىدار بىرقىسىم قائىدىلەر

(1) تىك ئەلىف «ٰ»، مەزكۇر بەلگە ھەرپلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇلۇپ، شۇ ھەرپنىڭ ئەسلىي تاۋۇشىغا تىلىمىزدىكى «ئا» تاۋۇشى قوشۇپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: يُخٰدِعُوْنَ اللهَ وَالَّذِيْنَ اٰمَنُوْا.

(2) تىك زىر «ٖ»، بۇ بەلگە ھەرپلەرنىڭ ئاستىغا قويۇلۇپ، شۇ ھەرپنىڭ ئەسلىي تاۋۇشىغا تىلىمىزدىكى «ئى» تاۋۇشى قوشۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن: «اِلٰفِهِمْ رِحْلَةَ الشِّتَآءِ وَالصَّيْفِ».

(3) تەتۈر پەش «ٗ»، بۇ بەلگە سۆز ئاخىرىدا كەلگەن «ه» ھەرپىنىڭ ئۈستىگە قويۇلۇپ، شۇ ھەرپنىڭ ئەسلىي تاۋۇشىغا «و» تاۋۇشى قوشۇپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: «عَبْدُهٗ، سُبْحَانَهٗ».

(4) «ي» ئورنىدا ئوقۇلىدىغان «ا» سۆز ئاخىرىدىكى «ي» ھەرپى بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەبەرلىك ياكى تىك زەبەرلىك بولسا، «ي» ھەرپى ساكىنلىق «ا»

قاتاردا ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: «يَحْيَى ، عِيْسَى» .

(5) سوزۇش بەلگىسى «ٓ» ، بۇ بەلگە قويۇلغان ھەرپ ئادەتتىكىدىن بىر قانچە ھەسسە سوزۇپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: «وَلَا الضَّآلِّيْنَ» .

## تاۋۇش بەلگىلىرىنىڭ كۆرسىتىلىشى

| № | تۈرى | بەلگىسى | مىساللار |
|---|---|---|---|
| 1 | ساكىن «السكون» | أْ | صَبْر ، دَرْس |
| 2 | زەبەر «الفتحة» | أَ | عَلَم ، مَرَض |
| 3 | زىر «الكسرة» | إِ | حِجَاب ، حِمَار |
| 4 | پەش «الضمة» | أُ | كُتُب ، حُمُر |
| 5 | سوزۇلما زەبەر«فتحة ممدودة» | ا | قَال ، عَاد |
| 6 | سوزۇلما پەش «ضمة ممدوة» | و | صَبُور ، شَكُور |
| 7 | سوزۇلما زىر «كسرة ممدودة» | ى | قِيْل ، حِيْل |
| 8 | قوش زەبەر «الفتحان» | أً | شُكْرًا ، قَوْلًا |
| 9 | قوش زىر «الكسرتان» | إٍ | كِتَابٍ ، مَدْرَسَةٍ |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| 10 | قوش پەش «الضمتان» | أٌ | كُتُبٌ، قَلَمٌ |
| 11 | تەشدىد «الشدة» | ّ◌ | جَدَّ، فَرَّ |

# 4 ـ دەرس: ئۇنىۋېرسال مەشىقلەر

## «التمارين العامة»

### 1. ھەرپ مەشقى

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ا | ب | ت | ث | ج | ح |
| أَلِفْ | بَا | تَا | ثَا | جِيمْ | حَا |
| خ | د | ذ | ر | ز | س |
| خَا | دَالْ | ذَالْ | رَا | زَايْ | سِينْ |
| ش | ص | ض | ط | ظ | ع |
| شِينْ | صَادْ | ضَادْ | طَا | ظَا | عَيْنْ |
| غ | ف | ق | ك | ل | م |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| غَيْنٌ | فَا | قَافٌ | كَافٌ | لَامٌ | مِيمٌ |
| ن | ه | و | ي | ة | ء |
| نُونٌ | هَا | وَاوٌ | يَا | تَاءٌ مَرْبُوطَةٌ | هَمْزَةٌ |

## 2. ئۆزۈك ھەرپلەر مەشقى

| | | | |
|---|---|---|---|
| طسم | حم | طه | ص |
| طَاسِينْ مِيمْ | حَامِيمْ | طَاهَا | صَادْ |
| المر | الم | طس | ق |
| أَلِفْ لَامْ مِيمْ رَا | أَلِفْ لَامْ مِيمْ | طَاسِينْ | قَافْ |
| المص | الر | يس | ن |
| أَلِفْ لَامْ مِيمْ صَادْ | أَلِفْ لَامْ رَا | يَاسِينْ | نُونْ |
| حم عسق | | كهيعص | |

| | |
|---|---|
| حَامِيمٌ عَيْنٌ سِينٌ قَافٌ | كَافْ هَا يَا عَيْنٌ صَادٌ |

## 3. زەۋەر مەشقى

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| أَ | بَ | تَ | ثَ | جَ | حَ | خَ |
| دَ | ذَ | رَ | زَ | سَ | شَ | صَ |
| ضَ | طَ | ظَ | عَ | غَ | فَ | قَ |
| كَ | لَ | مَ | نَ | وَ | هَ | يَ |

## 4. ھەرپلەرنى قوشۇش مەشقى

| ھەرپ | سۆز بېشى | سۆز ئوتتۇرى | سۆز ئاخىرى |
|---|---|---|---|

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| أَ | أَ خَ ذَ<br>أَخَذَ | سَ أَ لَ<br>سَأَلَ | ذَ رَ أَ<br>ذَرَأَ |
| بَ | بَ دَ أَ<br>بَدَأَ | صَ بَ رَ<br>صَبَرَ | ذَ هَ بَ<br>ذَهَبَ |
| تَ | تَ رَ كَ<br>تَرَكَ | فَ تَ حَ<br>فَتَحَ | سَ كَ تَ<br>سَكَتَ |
| ةَ | – | – | شَ جَ رَ ةَ<br>شَجَرَةَ |
| ثَ | ثَ بَ تَ<br>ثَبَتَ | مَ ثَ لَ<br>مَثَلَ | بَ عَ ثَ<br>بَعَثَ |
| جَ | جَ مَ عَ<br>جَمَعَ | وَ جَ دَ<br>وَجَدَ | مَ رَ جَ<br>مَرَجَ |
| حَ | حَ مَ لَ<br>حَمَلَ | أَ حَ دَ<br>أَحَدَ | شَ رَ حَ<br>شَرَحَ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| خَ | خَ تَ مَ<br>خَتَمَ | دَ خَ لَ<br>دَخَلَ | نَ فَ خَ<br>نَفَخَ |
| دَ | دَ خَ لَ<br>دَخَلَ | صَ دَ قَ<br>صَدَقَ | حَ سَ دَ<br>حَسَدَ |
| ذَ | ذَ هَ بَ<br>ذَهَبَ | كَ ذَ بَ<br>كَذَبَ | نَ بَ ذَ<br>نَبَذَ |
| رَ | رَ جَ عَ<br>رَجَعَ | تَ رَ كَ<br>تَرَكَ | حَ ضَ رَ<br>حَضَرَ |
| زَ | زَ عَ مَ<br>زَعَمَ | عَ زَ مَ<br>عَزَمَ | بَ رَ زَ<br>بَرَزَ |
| سَ | سَ رَ قَ<br>سَرَقَ | كَ سَ بَ<br>كَسَبَ | عَ بَ سَ<br>عَبَسَ |
| شَ | شَ كَ رَ<br>شَكَرَ | كَ شَ فَ<br>كَشَفَ | عَ طَ شَ<br>عَطَشَ |

www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| صَ | صَ دَ قَ<br>صَدَقَ | فَ صَ لَ<br>فَصَلَ | نَ كَ صَ<br>نَكَصَ |
| ضَ | ضَ رَ بَ<br>ضَرَبَ | حَ ضَ رَ<br>حَضَرَ | فَ رَ ضَ<br>فَرَضَ |
| طَ | طَ بَ عَ<br>طَبَعَ | فَ طَ رَ<br>فَطَرَ | بَ سَ طَ<br>بَسَطَ |
| ظَ | ظَ لَ مَ<br>ظَلَمَ | نَ ظَ رَ<br>نَظَرَ | عَ ظَّ<br>عَظَّ |
| عَ | عَ بَ دَ<br>عَبَدَ | جَ عَ لَ<br>جَعَلَ | شَ رَ عَ<br>شَرَعَ |
| غَ | غَ فَ رَ<br>غَفَرَ | فَ غَ فَ رَ<br>فَغَفَرَ | نَ زَ غَ<br>نَزَغَ |
| فَ | فَ صَ لَ<br>فَصَلَ | أَ فَ لَ<br>أَفَلَ | صَ رَ فَ<br>صَرَفَ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| قَ | قَ تَ لَ<br>قَتَلَ | ثَ قَ لَ<br>ثَقَلَ | أَ بَ قَ<br>أَبَقَ |
| كَ | كَ تَ بَ<br>كَتَبَ | أَ كَ لَ<br>أَكَلَ | تَ رَ كَ<br>تَرَكَ |
| لَ | لَ عَ نَ<br>لَعَنَ | سَ لَ فَ<br>سَلَفَ | نَ زَ لَ<br>نَزَلَ |
| مَ | مَ نَ عَ<br>مَنَعَ | أَ مَ رَ<br>أَمَرَ | حَ كَ مَ<br>حَكَمَ |
| نَ | نَ بَ ذَ<br>نَبَذَ | مَ نَ عَ<br>مَنَعَ | سَ كَ نَ<br>سَكَنَ |
| هَ | هَ لَ كَ<br>هَلَكَ | جَ هَ رَ<br>جَهَرَ | بَ لَ هَ<br>بَلَهَ |
| وَ | وَ عَ دَ<br>وَعَدَ | وَ هَ بَ<br>وَهَبَ | لَ هَ وٌ<br>لَهَوٌ |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| يَ | يَ نَ عَ<br>يَنَعَ | وَ يَ ذَ رَ كَ<br>وَيَذَرَكَ | هَ دُ يٌّ<br>هَدُيٌّ |

# 5. زىر مەشقى

| زەبەر | زىر | زەبەر | زىر | زەبەر | زىر | زەبەر | زىر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| أَ | إِ | بَ | بِ | تَ | تِ | ثَ | ثِ |
| جَ | جِ | حَ | حِ | خَ | خِ | دَ | دِ |
| ذَ | ذِ | رَ | رِ | زَ | زِ | سَ | سِ |
| شَ | شِ | صَ | صِ | ضَ | ضِ | طَ | طِ |
| ظَ | ظِ | عَ | عِ | غَ | غِ | فَ | فِ |
| قَ | قِ | كَ | كِ | لَ | لِ | مَ | مِ |
| نَ | نِ | هَ | هِ | وَ | وِ | يَ | يِ |

# 6. پەش مەشقى

| زەبەر | زىر | پەش | زەبەر | زىر | پەش |
|---|---|---|---|---|---|
| أَ | إِ | أُ | بَ | بِ | بُ |
| تَ | تِ | تُ | ثَ | ثِ | ثُ |
| جَ | جِ | جُ | حَ | حِ | حُ |
| خَ | خِ | خُ | دَ | دِ | دُ |
| ذَ | ذِ | ذُ | رَ | رِ | رُ |
| زَ | زِ | زُ | سَ | سِ | سُ |
| شَ | شِ | شُ | صَ | صِ | صُ |
| ضَ | ضِ | ضُ | طَ | طِ | طُ |
| ظَ | ظِ | ظُ | عَ | عِ | عُ |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| غَ | غِ | غُ | فَ | فِ | فُ |
| قَ | قِ | قُ | كَ | كِ | كُ |
| لَ | لِ | لُ | مَ | مِ | مُ |
| نَ | نِ | نُ | هَ | هِ | هُ |
| وَ | وِ | وُ | يَ | يِ | يُ |
| أُ | أُفِكَ | بُ | خَبُثَ | تُ | تُطِعِ |
| ثُ | نَرِثُ | جُ | يَلِجُ | حُ | حُشِرَ |
| خُ | خُمُسَهُ | دُ | دُبُرَهُ | ذُ | أُذُنُ |
| رُ | أَتَذَرُ | زُ | زُبُرِ | سُ | رُسُلُ |
| صُ | صُحُفِ | ضُ | ضُرِبَ | طُ | فَطُبِعَ |
| ظُ | ظُلِمَ | عُ | عُثِرَ | غُ | غُلِبَتِ |
| فُ | تَصِفُ | قُ | خُلُقُ | كُ | كُبِتَ |
| لُ | لُعِنَ | مُ | غَنَمُ | نُ | أُذُنُ |
| هُ | هُوَ | وُ | رَأَوُا | يُ | يُرِدِ |

# 7. ساكن مەشقى

| | | | |
|---|---|---|---|
| تَأْ يَأْ | تَبْ يَبْ | تَتْ يَتْ | تَثْ يَثْ |
| تَجْ يَجْ | تَحْ يَحْ | تَخْ يَخْ | تَدْ يَدْ |
| تَذْ يَذْ | تَرْ يَرْ | تَزْ يَزْ | تَسْ يَسْ |
| تَشْ يَشْ | تَصْ يَصْ | تَضْ يَضْ | تَطْ يَطْ |
| تَظْ يَظْ | تَعْ يَعْ | تَغْ يَغْ | تَفْ يَفْ |
| تَقْ يَقْ | تَكْ يَكْ | تَلْ يَلْ | تَمْ يَمْ |
| تَنْ يَنْ | تَهْ يَهْ | تَوْ يَوْ | تَيْ يَيْ |
| يَأْ | يَأْمَنْ | شَأْ | يَشَأْ |
| تُبْ | تُبْتُ | تُبْ | يَتُبْ |
| أَتْ | فَأَتْبَعَ | مُتْ | فَيَمُتْ |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| بِثْ | فَلَبِثْتَ | نَثْ | تَحْنَثْ |
| أَجْ | فَأْجُرُهُ | رُجْ | يَخْرُجْ |
| نُحْ | زُحْزِحَ | رَحْ | تَفْرَحْ |
| تَخْ | تَخْلُقُ | سَخْ | نَنْسَخْ |
| تُدْ | تُدْهِنُ | هَدْ | أَعْهَدْ |
| عُذْ | عُذْتُ | خُذْ | فَخُذْ |
| تُرْ | تُرْجَعُ | هَرْ | تَقْهَرْ |
| نَزْ | كَنَزْتُمْ | مَزْ | اِهْمَزْ |
| تَسْ | تَسْطِعْ | بِسْ | نَقْتَبِسْ |
| أَشْ | أَشْهَدُ | هِشْ | اَدْهِشْ |
| تَصْ | تَصْبِرُ | رِصْ | تَحْرِصْ |
| بِضْ | بِضْعَ | رِضْ | تُعْرِضْ |
| بَطْ | بِبَطْنِ | قِطْ | فَأَسْقِطْ |
| عَظْ | أَوَعَظْتَ | عِظْ | عِظْ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| بُعْ | بُعْثِرَ | طِعْ | تُطِعْ |
| تُغْ | فَتُغْرِقَ | زِغْ | تُزِغْ |
| أَفْ | أَفْصَحُ | خَفْ | تَخَفْ |
| تَقْ | تَقْهَرْ | فِقْ | فَلْيُنْفِقْ |
| تُكْ | تُكْرِهُ | رِكْ | تُشْرِكْ |
| جِلْ | أَعَجِلْتُمْ | قُلْ | تَقُلْ |
| قُمْ | فَأَقَمْتَ | كُمْ | خَلَقَكُمْ |
| تَنْ | تَنْهَرْ | ذَنْ | فَأْذَنْ |
| جَهْ | جَهْدَ | جِهْ | أَرْجِهْ |
| تَوْ | تَوْجَلْ | غَوْ | طَغَوْا |
| غَيْ | أَغَيْرَ | كَيْ | لِكَيْ |

## 8. زىرلىك مەد مەشقى

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ءِ | ئِي | بِ | بِي | تِ | تِي | ثِ | ثِي |
| جِ | جِي | حِ | حِي | خِ | خِي | دِ | دِي |
| ذِ | ذِي | رِ | رِي | زِ | زِي | سِ | سِي |
| شِ | شِي | صِ | صِي | ضِ | ضِي | طِ | طِي |
| ظِ | ظِي | عِ | عِي | غِ | غِي | فِ | فِي |
| قِ | قِي | كِ | كِي | لِ | لِي | مِ | مِي |
| نِ | نِي | هِ | هِي | وِ | وِي | يِ | يِي |

## 9. زەبەرلىك مەد مەشقى

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| أ | أَيْ | أَيْنَ | إِي | لِإِيلَافِ |
| ب | بَيْ | بَيْنَ | بِي | سَبِيلِي |
| ت | تَيْ | أَتَيْتَ | تِي | يَأْتِيكُمْ |
| ث | ثَيْ | ثُلُثَيْ | ثِي | تُثِيرُ |
| ج | جَيْ | تَنَاجَيْتُمْ | جِي | أُجِيبُ |
| ح | حَيْ | حَيْثُ | حِي | أُحِيطَ |
| خ | خَيْ | خَيْرٌ | خِي | أَخِيهِ |
| د | دَيْ | يَدَيْهِ | دِي | حَدِيثُ |
| ذ | ذَيْ | يُؤْذَيْنَ | ذِي | مَعَاذِيرَهُ |
| ر | رَيْ | شَهْرَيْنِ | رِي | يُرِيدُ |
| ز | زَيْ | زَيْتُهَا | زِي | نَزِيدَكُمْ |
| س | سَيْ | قَوْسَيْنِ | سِي | يُسِيغُهُ |
| ش | شَيْ | فَأَغْشَيْنَاهُمْ | شِي | تَشِيعَ |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ص | صَيْ | وَعَصَيْنَا | صِي | مُخْلِصِينَ |
| ض | ضَيْ | قَضَيْتَ | ضِي | مُعْرِضِينَ |
| ط | طَيْ | أَعْطَيْنَاكَ | طِي | يُعْطِيكَ |
| ظ | ظَيْ | مَحْفُوظَيْنِ | ظِي | حَافِظِينَ |
| ع | عَيْ | عَيْنَانِ | عِي | وَيُعِيدُ |
| غ | غَيْ | غَيْرِي | غِي | لِيَغِيظَ |
| ف | فَيْ | أَخْفَيْتُمْ | فِي | يَشْفِينِ |
| ق | قَيْ | لَأَسْقَيْنَاهُمْ | قِي | تَقِيكُمُ |
| ك | كَيْ | لِكَيْ | كِي | وَأَكِيدُ |
| ل | لَيْ | عَلَيْهِ | لِي | سَأُصْلِيهِ |
| م | مَيْ | لِغُلَامَيْنِ | مِي | جَاثِمِينَ |
| ن | نَيْ | بَنَيْنَاهَا | نِي | يَزْنِينَ |
| ه | هَيْ | هَيْتَ | هِي | يَهِيجُ |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| و | وَيْ | وَيْلَكُمْ | وِي | غَاوِينَ |
| ي | يَيْ | فَأَحْيَيْنَاهُ | يِي | يُحْيِيكُمْ |

## 10 . پەشلىك مەد مەشقى

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| أُ | أُو | بُ | بُو | تُ | تُو | ثُ | ثُو |
| جُ | جُو | حُ | حُو | خُ | خُو | دُ | دُو |
| ذُ | ذُو | رُ | رُو | زُ | زُو | سُ | سُو |
| شُ | شُو | صُ | صُو | ضُ | ضُو | طُ | طُو |
| ظُ | ظُو | عُ | عُو | غُ | غُو | فُ | فُو |
| قُ | قُو | كُ | كُو | لُ | لُو | مُ | مُو |
| نُ | نُو | هُ | هُو | وُ | وُو | يُ | يُو |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# 11. يەككە ھەرپتىكى تەنۋىن مەشقى

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ءًا | ءٍ | ءٌ | بًا | بٍ | بٌ |
| تًا | تٍ | تٌ | ةً | ةٍ | ةٌ |
| ثًا | ثٍ | ثٌ | جًا | جٍ | جٌ |
| حًا | حٍ | حٌ | خًا | خٍ | خٌ |
| دًا | دٍ | دٌ | ذًا | ذٍ | ذٌ |
| رًا | رٍ | رٌ | زًا | زٍ | زٌ |
| سًا | سٍ | سٌ | شًا | شٍ | شٌ |
| صًا | صٍ | صٌ | ضًا | ضٍ | ضٌ |
| طًا | طٍ | طٌ | ظًا | ظٍ | ظٌ |
| عًا | عٍ | عٌ | غًا | غٍ | غٌ |
| فًا | فٍ | فٌ | قًا | قٍ | قٌ |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| كًا | كٍ | كٌ | لًا | لٍ | لٌ |
| مًا | مٍ | مٌ | نًا | نٍ | نٌ |
| هًا | هٍ | هٌ | وًا | وٍ | وٌ |
| يًا | يٍ | يٌ | | | |

## 12. سۆزدىكى تەنۋىن مەشقى

| | | | |
|---|---|---|---|
| ء | إِنْشَاءً | مَاءٍ | شَيْءٌ |
| ب | عَجَبًا | لَهَبٍ | خُشُبٌ |
| ت | نَبَاتًا | نَبَاتٍ | أُخْتٌ |
| ة | ثَلَاثَةً | هَمْزَةٍ | مُؤْصَدَةٌ |
| ث | حَدِيثًا | حَدِيثٍ | وَحَرْثٌ |
| ج | أَفْوَاجًا | أَمْشَاجٍ | مَوْجٌ |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| ح | صَالِحًا | لَوْحٍ | نُوحٌ |
| خ | شَيْخًا | بِأَخٍ | بَرْزَخٌ |
| د | أَحَدًا | حَاسِدٍ | جُدَدٌ |
| ذ | لِوَاذًا | يَوْمَئِذٍ | ءَاخِذٌ |
| ر | يُسْرًا | تَشَاوُرٍ | بَصِيرٌ |
| ز | خُبْزًا | رِجْزٍ | عَزِيزٌ |
| س | نَفْسًا | كَأْسٍ | بَأْسٌ |
| ش | رِيشًا | قُرَيْشٍ | عَرْشٌ |
| ص | قَصَصًا | وَنَقْصٍ | مَرْصُوصٌ |
| ض | مَفْرُوضًا | مَرَضٍ | بَيْضٌ |
| ط | نَشْطًا | صِرَاطٍ | مُحِيطٌ |
| ظ | أَيْقَاظًا | مَحْفُوظٍ | غِلَاظٌ |
| ع | زَرْعًا | جُوعٍ | سَمِيعٌ |
| غ | بَلَاغًا | بَاغٍ | بَلَاغٌ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ف | صُحُفًا | خَوْفٍ | مَعْرُوفٌ |
| ق | طِبَاقًا | غَاسِقٍ | وَإِسْتَبْرَقٌ |
| ك | دَرَكًا | فَلَكٍ | مُبَارَكٌ |
| ل | لَيْلًا | ضَلَالٍ | حَبْلٌ |
| م | قَوْمًا | تَقْوِيمٍ | رَحِيمٌ |
| ن | مِسْكِينًا | عَدْنٍ | مُبِينٌ |
| ه | مُشْتَبِهًا | إِلَـهٍ | وَوُجُوهٌ |
| و | رَهْوًا | لَهْوٍ | لَغْوٌ |
| ي | بَغْيًا | وَحْيٍ | خِزْيٌ |

## 13 . سۆز ئاخىرىدىكى شەددە مەشقى

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| تَأًّ | تَأٍّ | تَأٌّ | تَبَّ | تَبِّ | تَبُّ |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| تَتَّ | تَتِّ | تَتُّ | تَثَّ | تَثِّ | تَثُّ |
| تَجَّ | تَجِّ | تَجُّ | تَحَّ | تَحِّ | تَحُّ |
| تَخَّ | تَخِّ | تَخُّ | تَدَّ | تَدِّ | تَدُّ |
| تَذَّ | تَذِّ | تَذُّ | تَرَّ | تَرِّ | تَرُّ |
| تَزَّ | تَزِّ | تَزُّ | تَسَّ | تَسِّ | تَسُّ |
| تَشَّ | تَشِّ | تَشُّ | تَصَّ | تَصِّ | تَصُّ |
| تَضَّ | تَضِّ | تَضُّ | تَطَّ | تَطِّ | تَطُّ |
| تَظَّ | تَظِّ | تَظُّ | تَعَّ | تَعِّ | تَعُّ |
| تَغَّ | تَغِّ | تَغُّ | تَفَّ | تَفِّ | تَفُّ |
| تَقَّ | تَقِّ | تَقُّ | تَكَّ | تَكِّ | تَكُّ |
| تَلَّ | تَلِّ | تَلُّ | تَمَّ | تَمِّ | تَمُّ |
| تَنَّ | تَنِّ | تَنُّ | تَهَّ | تَهِّ | تَهُّ |
| تَوَّ | تَوِّ | تَوُّ | تَيَّ | تَيِّ | تَيُّ |

# 14 . سۆز ئوتتۇرىدىكى شەددە مەشقى

| | | | |
|---|---|---|---|
| ب | تُبَّعٍ | لِحُبِّ | رَبُّكَ |
| ت | يَتَّبِعُ | يُقَتِّلُونَ | عَنِتُّمْ |
| ث | مَثَّلَ | يُمَثِّلُونَ | يَبُثُّ |
| ج | حُجَّتَهُمْ | سُجِّرَتْ | حِجُّ |
| ح | شُحَّ | وَلِيُمَحِّصَ | يَشِحُّ |
| خ | سَخَّرَهَا | يُؤَخِّرُ | مُخُّ |
| د | بَدَّلَ | تُحَدِّثُ | سَنَشُدُّ |
| ذ | كَذَّبَ | يُكَذِّبُونَ | وَتَلَذُّ |
| ر | حَرَّمَ | شَرِّ | شَرُّ |
| ز | تَنَزَّلُ | وَيُنَزِّلُ | وَأَعَزُّ |
| س | مَسَّ | فَسَنُيَسِّرُهُ | يَمَسُّهُمْ |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| ش | خُشَّعًا | وَبَشِّرِ | أَهُشُّ |
| ص | فَصَّلْنَا | وَحُصِّلَ | يَقُصُّ |
| ض | يَنْقَضَّ | وَنُفَضِّلُ | يَحُضُّ |
| ط | تَطَّلِعُ | عُطِّلَتْ | تَخُطُّهُۥ |
| ظ | تَعَظَّمَ | يُعَظِّمْ | يَحَظُّ |
| ع | وَنَعَّمَهُۥ | تُصَعِّرْ | يَدُعُّ |
| ف | خَفَّتْ | يُخَفِّفَ | يَحُفُّ |
| ق | حَقَّ | يُشَاقِّ | أَحَقُّ |
| ك | وَتَوَكَّلْ | فَذَكِّرْ | فَكُّ |
| ل | فَتَوَلَّ | فَصَلِّ | تَحِلُّ |
| م | ثُمَّ | حُمِّلُوا | يَأُمُّ |
| ن | لَتَرَوُنَّ | تُفَنِّدُونِ | يَظُنُّ |
| ه | وَطَهَّرَكِ | وَيُطَهِّرَكُمْ | يَمُهُّ |
| و | سَوَّلَتْ | مُسَوِّمِينَ | تَخَوُّفٍ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ي | تَبَيَّنَ | يُبَيِّنُ | أَيُّهَا |

## 15. شەددە ۋە تەنۋىن مەشقى

| | | | |
|---|---|---|---|
| ب | حَبًّا | رَبٍّ | وَرَبٌّ |
| ج | رَجًّا | فَجٍّ | فَجٌّ |
| د | مَدًّا | مَرَدٍّ | وَصَدٌّ |
| ر | مُصْفَرًّا | مُسْتَمِرٍّ | مُسْتَقِرٌّ |
| ظ | حَظًّا | حَظٍّ | حَظٌّ |
| ف | صَفًّا | أُفٍّ | كَفٌّ |
| ق | شَقًّا | رَقٍّ | حَقٌّ |
| ك | دَكًّا | شَكٍّ | شَكٌّ |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| ل | إِلَّا | كُلِّ | كُلُّ |
| م | صُمًّا | غَمٍّ | صُمٌّ |
| ن | مَنًّا | جِنٍّ | جَانٌّ |
| و | عَفُوًّا | عُتُوٍّ | لَعَفُوٌّ |
| ي | وَلِيًّا | خَفِيٍّ | لَقَوِيٌّ |

## 16. مەد ۋە شەددە مەشقى

| | | | |
|---|---|---|---|
| ب | صَبَّارٍ | رَبِّي | تُحِبُّونَ |
| ت | خَتَّارٍ | سِتِّينَ | سِتُّونَ |
| ث | وَقِثَّائِهَا | بَثِّي | يَبُثُّون |
| ج | نَجَّانَا | نُنَجِّيكَ | تُحَاجُّونَ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| د | تَرَدَّى | يَهِدِّي | رُدُّوا |
| ر | ضَرَّاءَ | وَقَرِّي | فَفِرُّوا |
| ز | نَزَّاعَةً | وَهُزِّي | لَيَسْتَفِزُّونَكَ |
| س | دَسَّاهَا | قِسِّيسِينَ | تَحُسُّونَهُمْ |
| ص | وَصَّاكُمْ | قُصِّيهِ | يَقُصُّونَ |
| ض | نَضَّاخَتَانِ | غُضِّي | يَغُضُّونَ |
| ع | فَعَّالٌ | دَعِّي | يُدَعُّونَ |
| ف | أَفَّاكٍ | يُوَفِّيهِمْ | لَمُوَفُّوهُمْ |
| ق | فَتَلَقَّى | شُقِّي | شَاقُّوا |
| ك | أَكَّالُونَ | وَيُزَكِّيهِمْ | تُزَكُّوا |
| ل | جَلَّاهَا | مُحِلِّي | وَحُلُّوا |
| م | سَمَّاعُونَ | ءَامِّينَ | لَيُسَمُّونَ |
| ن | جَنَّاتٌ | وَيُمَنِّيهِمْ | وَظَنُّوا |
| و | فَسَوَّاهُنَّ | نُسَوِّيكُمْ | سَوُّوا |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ي | أَيَّانَ | حُيِّيتُمْ | فَحَيُّوا |

## 17 . «ة» ھەرپىنىڭ تەلەپپۇز مەشقى

| | | |
|---|---|---|
| رَحْمَةٍ مِنْ رَبِّكَ | نِعْمَةُ رَبِّي | فَبِمَا رَحْمَةٍ |
| وَبَقِيَّةٌ مِمَّا | حَمَالَةَ | الصَّلَاةَ |
| عَلَيْهِمْ لَعْنَةَ اللَّهِ | بِحِجَارَةٍ | هُمَزَةٍ لُمَزَةٍ |
| أَنْ يُدْخَلَ جَنَّةَ | الْمُوقَدَةُ | كَلِمَةَ الَّذِينَ |
| سُنَّةَ اللَّهِ فِي | الْقَارِعَةُ | وَشَجَرَةً |
| وَامْرَأَةً مُؤْمِنَةً | قُرَّةَ أَعْيُنٍ | بِنِعْمَةِ رَبِّكَ |



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 5 ـ دەرس: تەجۋىد ئىلمىنىڭ رولى

## «دور علم التجويد»

كىتابىمىزنىڭ باش قىسمىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتكەندەك، ئەرەب تىلى ئۆزگىچە تەلەپپۇز خاسلىقىغا ئىگە بولۇپ، بۇ تىلنى ئۆگەنگۈچىلەر مەزكۇر تىلنىڭ ئېلىپبە قىسمىغا بىرلەشتۈرۈپ، تەجۋىد ئىلمىنى ياخشى ئۆگىنىشى كېرەك.

1. «تەجۋىد» سۆزى ئەرەب تىلىدا «گۈزەللەشتۈرۈش، ياخشىلاش» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرسە، ئاتالغۇلۇق مەنىسى «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى تۈرلۈك تەلەپپۇز قائىدىلىرىگە رىئايە قىلغان هالدا ئۆلچەملىك ئوقۇش هەققىدىكى قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ.

(1) تەجۋىد ئىلمىنى ئۆگىنىش قۇرئان ئوقۇغۇچىلار، شۇنداقلا ئەرەب تىلى ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن ئىنتايىن مۇهىم بولۇپ، قۇرئان ئايەتلىرىنى تەجۋىد قائىدىسى بويىچە ئوقۇش پەرزدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com



(2) تەجۋىد ئىلمىنى ياخشى ئۆگەنگەندە، ئەرەبچە سۆزلەرنى توغرا تەلەپپۇز قىلىش، مەنا ـ مەقسەتنى راۋان، توغرا بايان قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

2. قۇرئــان ۋە ئەرەب تىلىــدىكى تېكىســتلەرنى تەلەپپۇز قائىدىسى بويىچە توغرا تەلەپپۇز قىلمىغاندا مەنە جەھەتتىن چوڭ خاتالىقلار، سەۋەنلىكلەر كېلىپ چىقىدۇ. تەلەپپۇز خاتالىقىنى تۆۋەندىكى ئىككى قىسىمغا بۆلۈشكە بولىدۇ.

(1) قىرائەتتىكى ئاشكارا خاتالىق «اللحن الجلي»: فونېتىكــا يــاكى گراماتىكــا جەھەتــتىن خاتالىشــش دېگەنلىكتۇر. بۇ خىل خاتالىق ھەرپلەرنىڭ تەلەپپۇزى تــوغرا بولماســلىق ۋە تــاۋۇش بەلگىلىرىنىــڭ «الحركات والسكون» ئالمىشــىپ قېلىشــى سەۋەبىدىن ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىنى كۆرسىتىدۇ.

قــرائەتتە كــۆرۈلگەن ئاشــكارا خاتالىققــا ئالاقىــدار مســاللار («الفاتحة» سۈرىســىدە كېلىــپ چىقىــدىغان خاتالىقلار):

① «الحمد» نــى ئەســلىي قائىدىســى بــويىچە تەلەپپــۇز قىلمىغانــدا، «بــارلىق ماختــاش» دېگەنلىــك بولىــدۇ، ئەممــا «ح» ھەرپىنــى «ه» گە ئۆزگەرتىــپ ئوقۇغاندا «ئۇنىڭ ھارارىتىنىڭ پەسىيىشى» دېگەن خاتا

ئۇقۇم كېلىپ چىقىدۇ.

② «ربِّ العلمين» نى ئەسلىي قائىدىسى بويىچە تەلەپپۇز قىلغاندا، «ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئەمما «ع» ھەرپىنى «ء» گە ئۆزگەرتىپ تەلەپپۇز قىلغاندا، «ئازابلانغۇچىلارنىڭ پەرۋەردىگارى» دېگەن خاتا ئۇقۇم كېلىپ چىقىدۇ.

③ «الرحيم» نى ئەسلىي قائىدىسى بويىچە تەلەپپۇز قىلغاندا، «كۆيۈمچان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئەمما «ح» ھەرپىنى «ه» گە ئۆزگەرتىپ خاتا تەلەپپۇز قىلغاندا، «سىم-سىم يامغۇر» دېگەن خاتا ئۇقۇم كېلىپ چىقىدۇ.

④ «نعبد» نى ئەسلىي قائىدىسى بويىچە تەلەپپۇز قىلغاندا، «ئىبادەت قىلىمىز» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئەمما «ع» ھەرپىنى «ء» ھەرپىگە ئۆزگەرتىپ تەلەپپۇز قىلغاندا، «ئورنىمىزدا مەڭگۈ تۇرىمىز» دېگەن خاتا ئۇقۇم كېلىپ چىقىدۇ.

⑤ «الضالين» نى ئەسلىي قائىدىسى بويىچە تەلەپپۇز قىلغاندا، «ئازغۇنلار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئەمما «ض» ھەرپىنى «د» ھەرپىگە ئۆزگەرتىپ تەلەپپۇز قىلغاندا «باشلىغۇچىلار» دېگەن خاتا ئۇقۇم كېلىپ چىقىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com



(2) قىرائەتتىكى يوشۇرۇن خاتالىق «اللحن الخفي»: سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلىشتىكى خاتالىق بولۇپ، بۇ خىل خاتالىق ئارقىلىق سۆزلەرنىڭ مەنە ـ مەزمۇنى ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. ئۇ ئاساسەن دىماغ تاۋۇشى«الغنة»نى ياخشى تەلەپپۇز قىلالماسلىق، سوزۇلما سوزۇق تاۋۇشلارنى «المد» ئۆلچەم بويىچە سوزۇپ تەلەپپۇز قىلالماسلىق، كەم ـ زىيادە تەلەپپۇز قىلىش قاتارلىق بىر قىسىم ئىنچىكە، كىچىك خاتالىقلارنى كۆرسىتىدۇ (بۇ خىل خاتالىقلارنىڭ مىساللىرى كېيىنكى دەرسلەردە تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ).

3. تەجۋىد ئىلمى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاساسلىق قائىدە ـ پرىنسىپلار:

(1) ساكىنلىق نۇن«النون الساكنة» ۋە تەنۋىننىڭ «التنوين» تەلەپپۇز قائىدىسى.

(2) ساكىنلىق مىمنىڭ «الميم الساكنة» تەلەپپۇز قائىدىسى.

(3) ھەرقايسى ئىدغاملارنىڭ «الإدغام» تەلەپپۇز قائىدىسى.

(4) ھەرقايسى مەدلەرنىڭ «المد»تەلەپپۇز قائىدىسى.

(5) توختاش «الوقف» قائىدىسى.

# 6 ـ دەرس: تاۋۇش چىقىرىش ئورۇنلىرى

## «مخارج الحروف»

تاۋۇش چىقىرىش ئورۇنلىرى، يەنى ھەرپلەرنىڭ مەخرەجلىرى 17 بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكى بەش ئورۇنغا مەركەزلەشكەن.

1. بوغۇز رايونى «الحلق»، بۇ رايوندا ئۈچ تاۋۇش چىقىرىش ئورنى بولۇپ، ئۇلاردىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئالتە ھەرپ چىقىدۇ:

(1) بوغۇز تۈۋى «أقصى الحلق»: بۇ بوغۇزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرى ھەم كۆكرەك بوشلۇقىغا ئەڭ يېقىن جاي، بۇ ئورۇندىن «ء، ه» ھەرپلىرى چىقىدۇ.

(2) بوغۇز ئوتتۇرا قىسمى «وسط الحلق»: بۇ جايدىن «ع، ح» ھەرپلىرى چىقىدۇ.

(3) بوغۇز ئۈستى «أدنى الحلق»: بۇ جايدىن «غ، خ» ھەرپلىرى چىقىدۇ.

يۇقىرىقى ئالتە ھەرپ ئۆزلىرىنىڭ چىقىش ئورۇنلىرى ئاساسىدا ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «بوغۇز ھەرپلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



2. تىل رايونى «اللسَان»، بۇ رايوندا ئون تاۋۇش چىقىش ئورنى بار.

(1) تىل تۈۋى «أقصى اللسان»: بۇ تىلنىڭ ئەڭ تۈۋەنكى چوڭقۇر قىسمى بولۇپ، بۇ جايدىن «ق» ھەرپى چىقىدۇ.

(2) تىل تۈۋى «أقصى اللسان»: «ق» ھەرپىدىن سەل كېيىن «ك» ھەرپى چىقىدۇ، «ق» ھەرپىنىڭ چىقىش ئورنى بوغۇز رايونىغا يېقىنراق، «ك» ھەرپىنىڭ چىقىش ئورنى تىل ئوتتۇرىغا توغرا كېلىدۇ.

(3) تىل ئوتتۇرىسى «وسط اللسان»: بۇ جايدىن «ج، ش، ي» ھەرپلىرى چىقىدۇ.

(4) تىل گىرۋىكى بىلەن ئۈستۈنكى ئېزىق چىش ئارىسى «أحدى حافتي اللسان مع ما يحاذيها من الأضراس العليا»: بۇ جايدىن «ض» ھەرپى چىقىدۇ، مەزكۇر ئورۇن تاۋۇش چىقىرىش ئورۇنلىرى ئىچىدىكى ئەڭ مۇرەككەپ، تەلەپپۇزى قىيىن جاي ھېسابلىنىدۇ.

(5) تىل گىرۋىكى بىلەن ئۈستۈنكى چىش مىلىكى ئارىسى «ما بين حافتى اللسان مع مايحاذيها من لثة الأسنان العليا»: بۇ جايدىن «ل» ھەرپى چىقىدۇ.

(6) تىل ئۇچى بىلەن ئۈستۈنكى چىش مىلىكى ئارىسى «طرف اللسان مع مايحاذيه من لثة الأسنان العليا»: بۇ جايدىن «ن» ھەرپى چىقىدۇ.

(7) تىل ئۇچى ۋە تىل ئۈستى بىلەن ئۈستۈنكى چىش مىلىكىنىڭ ئارىسى «طرف اللسان مع ظهره و ما يحاذيه من لثة الثنتين العليين» : بۇ جايدىن «ر» ھەرپى چىقىدۇ.

(8) تىل ئۇچى بىلەن ئۈستۈنكى ئۇدۇل چىش تۈۋى «طرف اللسان مع أصول الثنايا العليا» : بۇ جايدىن «ت، د، ط» قاتارلىق ئۈچ ھەرپ چىقىدۇ.

(9) تىل ئۇچى بىلەن ئۈستۈنكى ئۇدۇل چىش ئارىسى «طرف اللسان مع الثنايا العليا» : بۇ جايدىن «ث، ذ، ظ» ھەرپلىرى چىقىدۇ.

(10) تىل ئۇچى بىلەن تۆۋەنكى ئۇدۇل چىش ئارىسى« طرف اللسان مع ما بين الثنايا السفلى» : بۇ جايدىن «ص، س، ز» ھەرپلىرى چىقىدۇ.

3. لەۋ رايونى، بۇ رايوندا ئىككى تاۋۇش چىقىرىش ئورنى بار بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) ئاستىنقى لەۋ ئىچى بىلەن ئۈستۈنكى ئۇدۇل چىش ئۇچى «باطن الشفة السفلى مع أطراف الثنايا العليا» : بۇ جايدىن« ف» ھەرپى چىقىدۇ.

(2) ئىككى لەۋ ئارىسى «ما بين الشفتين» : بۇ جايدىن «ب، م، و» ھەرپلىرى چىقىدۇ.

4. ئېغىز بوشلۇقى رايونى «الجوف» ، بۇ رايوندىن ئۈچ مەد ھەرپى چىقىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



(1) ئالدىنقى ھەرپ زەبەرلىك بولغان ساكىنلىق «ا» (الألف الساكنة المفتوح ما قبلها): (ـَا) .

(2) ئالدىنقى ھەرپ پەشلىك بولغان ساكىنلىق «و» (الواو الساكنة المضموم ما قبلها): (ـُو) .

(3) ئالدىنقى ھەرپ زىر بولغان ساكىنلىق «ي» (الياء الساكنة المكسور ما قبلها): (ـِي) . مەسىلەن: «نُوحِيهَا» .

5. بۇرۇن بوشلۇقى رايونى «الخيشوم» ، بۇ رايوندا بىرلا تاۋۇش چىقىرىش ئورنى بولۇپ، غۇننە «الغنة» چىقىدۇ.

غۇننە: ساكىنلىق «نۇن» ۋە ساكىنلىق «م» ھەرپلىرىدىن شەكىللىنىدىغان قوشۇمچە تاۋۇشتۇر.

ئەسكەرتىش: بىز ئەرەب تىلىدىكى مەلۇم بىر ھەرپنى ساكىنلىق ھالەتتە قويۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا زەبەرلىك «ا» نى قوشۇپ تەلەپپۇز قىلساق، ئۇ ھالدا بىز مەزكۇر ھەرپنىڭ چىقىش ئورنى ۋە تەلەپپۇز ئالاھىدىلىكىنى ئېنىق بىلەلەيمىز. مەسىلەن: اَبْ ، اِبْ ، اُبْ . اَتْ ، اِتْ ، اُتْ . اَثْ ، اِثْ ، اُثْ . اَجْ ، اِجْ ، اُجْ .

ھەرپلەرنىڭ چىقىش ئورنىنىڭ كۆرسىتىلىشى

| № | تاۋۇش چىقىرىش ئورنى | ھەرپ |
|---|---|---|
| 1 | بوغۇز تۈۋى | ء ، ه |

| | | |
|---|---|---|
| 2 | بوغۇز ئوتتۇرى | ع، ح |
| 3 | بوغۇز ئۈستى | غ ، خ |
| 4 | تىل تۈۋى | ق |
| 5 | تىل تۈۋى | ك |
| 6 | تىل ئوتتۇرى | ج، ش، ي |
| 7 | تىل گىرۋىكى بىلەن ئۈستۈنكى ئېزىق چىش ئارىسى | ض |
| 8 | تىل گىرۋىكى بىلەن ئۈستۈنكى چىش مىلىكى ئارىسى | ل |
| 9 | تىل ئۇچى بىلەن ئۈستۈنكى چىش مىلىكى ئارىسى | ن |
| 10 | تىل ئۇچى ۋە تىل ئۈستى بىلەن ئۈستۈنكى چىش مىلىكى ئارىسى | ر |
| 11 | ئۈستۈنكى ئۇدۇل چىش تۈۋى بىلەن تىل ئۇچى ئارىسى | ت ، د ، ط |
| 12 | تىل ئۇچى بىلەن ئۈستۈنكى ئۇدۇل چىش ئارىسى | ث، ذ، ظ |
| 13 | تىل ئۇچى بىلەن تۆۋەنكى ئۇدۇل چىش ئارىسى | ص ، س، ز |
| 14 | ئاستىنقى لەۋ ئىچى بىلەن ئۈستۈنكى ئۇدۇل چىش ئارىسى | ف |
| 15 | ئېغىز بوشلۇقى رايونى | و، ا، ي |

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



| | | |
|---|---|---|
| 16 | بۇرۇن بوشلۇقى رايونى | م، ن |
| 17 | ئىككى لەۋ ئارىسى | ب، م، و |

# 7 ـ دەرس: ھەرپلەرنىڭ سۈپەتلىرى «صفات الحروف»

ھەرپلەرنىڭ سۈپەتلىرى تاۋۇش ئورۇنلىرىدىن تـوغرا تەلەپپۇز قىلىنغان ۋاقىتتىكى تۈرلۈك تەلەپپۇز خاسلىقى (يۇمشاق ـ قاتتىق، جاراڭلىق ـ جاراڭسىز، چاپلىما ـ ئوچۇق قاتارلىقلار) دىن ئىبارەت.

1. ھەرپلەرنىڭ ھەرقايىسى سۈپەتلىرىنى تونۇش ھەرپلەرنى تـوغرا، ئۆلچەملىك تەلەپپۇز قىلىشنىڭ دەسلەپكى ئامىللىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكى بار.

(1) چىقىش ئورنى بىر بولغان ھەرپلەرنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ.

(2) جاراڭلىق تەلەپپۇزلۇق ھەرپلەرنى جاراڭسىز تەلەپپۇزلۇق ھەرپلەردىن ئايرىۋالغىلى بولىدۇ.

(3) كىرىشتۈرمە تەلەپپۇزلۇق ھەرپلەرنى كىرىشتۈرمە تەلەپپۇزلۇق بولمىغان ھەرپلەردىن ئايرىۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



(4) چىقىش ئورنى ئوخشىمايدىغان ھەرپلەرنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ توغرا تەلەپپۇز قىلغىلى بولىدۇ.

2. ئەرەب تىلى ھەرپلىرىنىڭ ئومۇمىي سۈپەتلىرى 17 تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار چوڭ جەھەتتىن ئۆزئارا قارىمۇ قارشى سۈپەتلەر ۋە قارشىسىز سۈپەتلەر دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) قارىمۇ قارشى سۈپەتلەر

① جاراڭلىق تەلەپپۇز«الجهر»، ② جاراڭسىز تەلەپپۇز«الهمس»، ③ قاتتىق تەلەپپۇز «الشدة»، ④ يۇمشاق تەلەپپۇز«الرخاوة»، ⑤ كۆتۈرەڭگۈ تەلەپپۇز «الإستعلاء»، ⑥ تۆۋەن تەلەپپۇز«الإستفال»، ⑦ يېپىق تەلەپپۇز«الإطباق»، ⑧ ئوچۇق تەلەپپۇز «الإنفتاح»، ⑨ راۋان تەلەپپۇز«الإذلاق»، ⑩ ئېغىر تەلەپپۇز«الإصمات».

(2) قارشىسىز سۈپەتلەر

① ئىسقىرتما تەلەپپۇز«الصفير»، ② تەۋرەنمە تەلەپپۇز «القلقلة»، ③ سىلىق تەلەپپۇز «اللين»، ④ بۇرۇلما تەلەپپۇز «الإنحراف»، ⑤ ياندۇرما تەلەپپۇز «التكرير»، ⑥ چاچما تەلەپپۇز «التفشي»، ⑦ سوزۇلما تەلەپپۇز «الإستطالة».

3. قارىمۇ قارشى سۈپەتلىك ھەرپلەرنىڭ تەپسىلىي

بايانى

(1) جاراڭسىز ھەرپلەر «حروف الهمس» ۋە جاراڭلىق ھەرپلەر «حروف الجهر»

① «الهمس» ئىبارىسى ئەرەب تىلىدا «پىچىرلاش، يوشۇرۇن سۆزلەش» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ، تەجۋىد ئىلمىدىكى ئاتالغۇلۇق مەنىسى جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ھەرپلەر 10 بولۇپ، ئۇلار «ف، ح، ه، ث، ش، خ، ص، س، ك، ت» لاردىن ئىبارەت.

② «الجهر» ئىبارىسى ئەرەب تىلىدا «ئاشكارىلاش، جاكارلاش» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرسە، تەجۋىد ئىلمىدىكى ئاتالغۇلۇق مەنىسى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل سۈپەتلىك ھەرپلەر يۇقىرىقى ھەرپلەردىن باشقا «ظ، ل، ق، و، ر، ب، ض، ا، ذ، غ، ز، ج، ن، د، م، ط، ي، ع، ء» لاردىن ئىبارەت 19 ھەرپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(2) قاتتىق تەلەپپۇزلۇق ھەرپلەر «حروف الشدة» ۋە يۇمشاق تەلەپپۇزلۇق ھەرپلەر «حروف الرخاوة»

① «الشدة» ئىبارىسى ئەرەب تىلىدا «قاتتىق، كۈچلۈك» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرسە، تەجۋىد ئىلمىدىكى ئاتالغۇلۇق مەنىسى بولسا قاتتىق تەلەپپۇز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قىلىنىدىغان ھەرپلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇخىل ھەرپلەرنىڭ سانى سەككىز بولۇپ، ئۇلار «ء، ج، د، ق، ط، ب، ك، ت»لاردىن ئىبارەت.

② «الرخاوة» ئىبارىسى ئەرەب تىلىدا «ئاجىز، يۇمشاق، بوش» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرسە، تەجۋىد ئىلمىدىكى ئاتالغۇلۇق مەنىسى بولسا بوش، يۇمشاق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ھەرپلەر 16 بولۇپ، ئۇلار «ا، خ، ذ، غ، ث، ح، ظ، ق، ض، ش، و، ص، ز، ي، س، ه»لاردىن ئىبارەت.

③ ئارا تەلەپپۇزلۇق ھەرپلەر «حروف التوسط»، «التوسط» ئىبارىسى ئەرەب تىلىدا «ئوتتۇرا ھال، نورمال» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ، تەجۋىد ئىلمىدىكى ئاتالغۇلۇق مەنىسى بولسا قاتتىقمۇ ئەمەس، يۇمشاقمۇ ئەمەس، بەلكى نورمال تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇخىل ھەرپلەر «ل، ن، ع، م، ر» لاردىن ئىبارەت بەش ھەرپتۇر (بۇ خىل تەلەپپۇز ھەرپتىكى مۇستەقىل خۇسۇسىيەت بولمىغاچقا ئارا تەلەپپۇز دەپ قارىلىپ، ئايرىم بىر تۈر سانالمايدۇ).

(3) كۆتۈرەڭگۈ تەلەپپۇزلۇق ھەرپلەر «حروف الإستعلاء» ۋە ئۇنىڭ قارشىسى بولغان تۆۋەن تەلەپپۇزلۇق ھەرپلەر «حروف الإستفال»

① «الإستعلاء» ئىبارىسى ئەرەب تىلىدا «ئۆرلەش، يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرسە، تەجۋىد ئىلمىدىكى ئاتالغۇلۇق مەنىسى بولسا تەلەپپۇز قىلغان ۋاقىتتا تىل تاڭلايغىچە يۇقىرىغا كۆتۈرۈلىدىغان ھەرپلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل سۈپەتلىك ھەرپلەر «خ، ص، ض، غ، ط، ق، ظ» لاردىن ئىبارەت يەتتە ھەرپتۇر.

②«الإستفال» ئىبارىسى ئەرەب تىلىدا «تۆۋەنلەش، پەسلەش» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرسە، تەجۋىد ئىلمىدىكى ئاتالغۇلۇق مەنىسى بولسا تەلەپپۇز قىلغاندا تىل تاڭلايدىن چىقىپ ئېغىز بوشلۇقىغا كەلگەندە پەسكە قاراپ تۆۋەنلەيدىغان ھەرپلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل سۈپەتلىك ھەرپلەرنىڭ ئومومىي سانى 22 بولۇپ، ئۇلار «ا، ث، ب، ت، ع، ز، م، ن، ي، ج، د، ح، ر، ف، ه، ء، ذ، س، ل، ش، ك، و» لاردىن ئىبارەت.

(4) يېپىق تەلەپپۇزلۇق ھەرپلەر «حروف الإطباق» ۋە ئۇنىڭ قارشىسى بولغان ئوچۇق تەلەپپۇزلۇق ھەرپلەر «حروف الإنفتاح»

① «الإطباق» ئىبارىسى ئەرەب تىلىدا «يېپىلىش، توسۇلۇش» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرسە، تەجۋىد ئىلمىدىكى ئاتالغۇلۇق مەنىسى تەلەپپۇز قىلغان ۋاقىتتا تىلنىڭ ئىككى تەرىپى يۇقىرى تاڭلايغا چاپلىشىدىغان

ھەرپلەرنى كۆرسىتىدۇ، بۇ خىل سۈپەتلىك ھەرپلەر تۆت بولۇپ، ئۇلار «ص، ض، ط، ظ» لاردىن ئىبارەت.

② «الإنفتاح» ئىبارىسى ئەرەب تىلىدا «ئېچىلىش، تارقىلىش» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرسە، تەجۋىد ئىلمىدىكى ئاتالغۇلۇق مەنىسى تەلەپپۇز قىلغاندا تىلنىڭ ئىككى تەرىپى ۋە يۇقىرى تاڭلاي باشقا تاۋۇش ئورگانلىرىدىن ئايرىلغان ھالەتتە ئېغىز بوشلۇقىدىن ھاۋانى ئۇدۇل چىقىرىپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپلەرنى كۆرسىتىدۇ، بۇ خىل ھەرپلەر يېپىق تەلەپپۇزلۇق ھەرپلەردىن باشقا «ا، غ، ي، ث، ش، ر، ب، ل، ە، ح، ت، ف، ز، ك، س، ع، و، ج، د، ء، خ، ذ، م، ن، ي» قاتارلىق 25 ھەرپنى كۆرسىتىدۇ.

(5) راۋان تەلەپپۇزلۇق ھەرپلەر «حروف الإذلاق» ۋە ئۇنىڭ قارشىسى بولغان ئېغىر تەلەپپۇزلۇق ھەرپلەر «حروف الإصمات»

① «الإذلاق» ئىبارىسى ئەرەب تىلىدا «ئېنىق، راۋان» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرسە، تەجۋىد ئىلمىدىكى ئاتالغۇلۇق مەنىسى ئېنىق، راۋان تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل سۈپەتلىك ھەرپلەر «ل، ن، ر، ف، م، ب» لاردىن ئىبارەت ئالتە ھەرپنى كۆرسىتىدۇ.

② «الإصمات» ئىبارىسى ئەرەب تىلىدا «چەكلەش، توختاش» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرسە، تەجۋىد ئىلمىدىكى ئاتالغۇلۇق مەنىسى تەلەپپۇزى ئېغىر، راۋان بولمىغان ھەرپلەرنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ خىل ھەرپلەر يۇقىرىقى ئېنىق تەلەپپۇزلۇق ئالتە ھەرپتىن باشقا، ئەرەب تىلى ئېلىپبەسىدىكى «ج، ز، غ، س، ش، ا، خ، ط، ص، د، ث، ق، ت، ء، ذ، و، ع، ظ، ه، ي، ح، ض، ك» لاردىن ئىبارەت 23 ھەرپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

4. قارشىسىز سۈپەتلىك ھەرپلەرنىڭ تەپسىلىي بايانى

(1) ئىسقىرتما تەلەپپۇزلۇق ھەرپلەر «حروف الصفير»، «الصفير» ئىبارىسى ئەرەب تىلىدا «قۇشلارنىڭ سايرىغان ئاۋازى» نى كۆرسىتىدۇ، تەجۋىد ئىلمىدىكى ئاتالغۇلۇق مەنىسى تەلەپپۇز قىلغاندا تىل ئۇچى بىلەن ئۈدۈل چىشلارنىڭ ئارىسىدىن ئىسقىرتقاندەك چىقىدىغان زىيادە ئاۋازنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئاۋازلىق ھەرپلەر«ص، ز، س» قاتارلىق ئۈچ ھەرپتۇر.

(2) تەۋرەنمە تەلەپپۇزلۇق ھەرپلەر «حروف القلقلة»، «القلقلة» ئىبارىسى ئەرەب تىلىدا «تەۋرىتىش، مىدىرلىتىش» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرسە، تەجۋىد ئىلمىدىكى ئاتالغۇلۇق مەنىسى ھەرپلەرنى ساكىنلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھالەتتە تەلەپپۇز قىلغاندا تەۋرىنىدىغان ھەرپلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل سۈپەتكە ئىگە ھەرپلەر «ق، ط، ب، ج، د» دىن بەش ھەرپتۇر.

(3) سىلىق تەلەپپۇزلۇق ھەرپلەر «حروف اللين»، «اللين» ئىبارىسى ئەرەب تىلىدا «يۇمشاق، سىلىق» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرسە، تەجۋىد ئىلمىدىكى ئاتالغۇلۇق مەنىسى سىلىق، يۇمشاق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپلەرنى كۆرسىتىدۇ، بۇ خىل سۈپەتلىك ھەرپلەر «و، ي» دىن ئىبارەت ئىككى ھەرپتۇر.

(4) بۇرۇلما تەلەپپۇزلۇق ھەرپلەر «حروف الإنحراف»، «الإنحراف» ئىبارىسى ئەرەب تىلىدا «بۇرۇلۇش، قېيىش» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرسە، تەجۋىد ئىلمىدىكى ئاتالغۇلۇق مەنىسى تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋاز تىل ئۇچىغا قاراپ يۆزلىنىدىغان ھەرپلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل سۈپەتكە ئىگە ھەرپلەر «ل، ر» دىن ئىبارەت ئىككى ھەرپتۇر.

(5) ياندۇرما تەلەپپۇزلۇق ھەرپلەر«حروف التكرير»، «التكرير» ئىبارىسى ئەرەب تىلىدا «تەكرارلاش، قايتىلاش» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرسە، تەجۋىد ئىلمىدىكى ئاتالغۇلۇق مەنىسى تىل ئۇچى تىترەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل

ھەرپ پەقەت «ر» ھەرپىدۇر.

(6) چاچما تەلەپپۇزلۇق ھەرپلەر «حروف التفشي»: «التفشي» ئەرەب تىلىدا «تارقىلىش، چېچىلىش» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرسە، تەجۋىد ئىلمىدىكى ئاتالغۇلۇق مەنىسى تەلەپپۇز قىلغاندا تىل ئۇچى ئوتتۇرا قاتتىق تاڭلايغا تېگىپ، تىل يۈزى ئۈستىدە تارقىلىشچان ھاۋا ئېقىمى ھاسىل بولىدىغان ھەرپلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل سۈپەتلىك ھەرپ پەقەت «ش» ھەرپىدىن ئىبارەت.

(7) سوزۇلما تەلەپپۇزلۇق ھەرپلەر«حروف الإستطالة»، «الإستطالة» ئىبارىسى ئەرەب تىلىدا «سوزۇلۇش، ئۇزىراش» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرسە، تەجۋىد ئىلمىدىكى ئاتالغۇلۇق مەنىسى تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋاز تىل ئۇچىدىن تۆۋىگىچە سوزۇلىدىغان ھەرپنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل سۈپەتلىك ھەرپ پەقەت «ض» ھەرپىدىن ئىبارەت.

شۇنى بىلىش كېرەككى، ئەرەب تىلى ئېلىپبەسىدىكى ھەربىر ھەرپ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سۈپەتلەردىن ئەڭ ئاز دېگەندە بەش سۈپەت بىلەن سۈپەتلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى www.uyghurkitap.com



# 8 ـ دەرس: چوڭ تەلەپپۇز ۋە ئىنچىكە تەلەپپۇز «التفخيم والترقيق»

1. «التفخيم» سۆزى ئەرەب تىلىدا «كۆپتۈرۈش، چوڭايتىش» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ، تەجۋىد ئىلمىدىكى ئاتالغۇلۇق مەنىسى ھەرپلەرنى تەلەپپۇز قىلغاندا تىلنى يۇقىرى تاڭلاي تەرەپكە كۆتۈرۈپ، ئېغىزنى تولدۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ھەرپلەر «ط، ظ، ص، ض، خ، غ، ق» لار بولۇپ، ئۇلار ھەر قاچان چوڭ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. چوڭ تەلەپپۇزلۇق ھەرپلەر«حروف التفخيم» ئىچىدە ئەڭ چوڭ تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىرى «ط، ظ، ص، ض» ھەرپلىرىدۇر.

2. چوڭ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپلەر تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا ئادەتتىن تاشقىرى چوڭ ئوقۇلىدۇ:

(1) چوڭ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپ زەبەرلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن «ا» كەلسە، مەسىلەن: «آلصّآئِمِينَ، آلْغآئِبِينَ».

(2) چوڭ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپ زىبەرلىك

بولـۇپ، ئارقىسـىدىن «ا» كەلمىسە، مەسـلەن: «ضَـرَبَ، طَبَعَ».

(3) چـوڭ تەلەپپـۇز قىلىنىـدىغان ھەرپ پەشـلىك بولغاندا، مەسلەن: «ضُرِبَ، صُنِعَ».

(4) چـــوڭ تەلەپپـــۇز قىلىنىـــدىغان ھەرپ ئـــۆزى سـاكىنلىق، ئالدىـدىكى ھەرپ زەبەرلىـك يـاكى پەشـلىك ياكى زىرلىق بولسا، مەسلەن: «أَخْرَجَ، لِيُطْفِئُوا».

(5) چـــوڭ تەلەپپـــۇز قىلىنىـــدىغان ھەرپ ئـــۆزى ساكىنلىق، ئالدىدىكى ھەرپ زىرلىك بولسا، مەسلەن: « بِضْعُ، إِطْعَام».

3. «الترقيـق» سـۆزى «التفخيـم» سـۆزىنىڭ ئەكسـى بولۇپ، ئەرەب تىلىدا «يۇمشـاتماق، ئىنچىكىلەشـتۈرمەك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، تەجۋىد ئىلمىدىكى ئاتالغۇلۇق مەنىسـى ھەرپلەرنـى تەلەپپـۇز قىلغانـدا ئەسـلىي سۈپىتى بويىچە ئېغىزنى تولـدۇرماي، ئىـنچىكە، يۇمشـاق تەلەپپـۇز قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل سۈپەتلىك ھەرپلەر يەتتە دانە چـوڭ تەلەپپۇزلـۇق ھەرپ «ط، ظ، ص، ض، خ، غ، ق» لاردىن باشقا 21 ھەرپتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# 9 ـ دەرس: بەزىدە چوڭ، بەزىدە ئىنچىكە تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپلەر «حروف تفخّم أحيانا وترقّق أحيانا»

«ا، ر، ل» قاتارلىق ھەرپلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆزىنىڭ جۈملە ـ سۆزلەردىكى ئورنىغا قاراپ بەزىدە چوڭ، بەزىدە ئىنچىكە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

1. «ر» ھەرپى چوڭ تەلەپپۇز، ئىنچىكە تەلەپپۇز ۋە ئارا تەلەپپۇزدىن ئىبارەت ئۈچ خىل تەلەپپۇز ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، ئۇ تۆۋەندىكى يەتتە خىل ئەھۋالدا چوڭ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ:

(1) «ر» ھەرپى پەشلىك ياكى زەبەرلىك بولسا، مەسلەن : «رَبَّنَا، رُزِقُبَا، عُرُبًا، أَتْرَابًا».

(2) «ر» ھەرپى ساكىنلىق بولۇپ، ئالدىدىكى ھەرپ پەشلىك ياكى زەبەرلىك بولسا، مەسلەن: «قُرآن، قَرْنٌ، تَرْهَقُهُم».

(3) «ر» ھەرپى ساكىنلىق بولۇپ، ئالدىدا غەيرىي

ئەسلىي زىر «الكسرة العارضة» ياكى تەلەپپۇزدىن چۈشۈپ قالغۇچى زىر «الكسرة المنفصلة» بولسا ، مەسىلەن: « إِرْجِعُوا ، اَلَّذِى إِرْتَضَى ، اَمِ إِرْتَابُوا » .

(4) «ر» ھەرپى ساكىنلىق بولۇپ، ئەسلىي زىردىن كېيىن كەلسە ۋە «ر» ھەرپىدىن كېيىن زىرلىق بولمىغان كۆتۈرەڭگۈ تەلەپپۇزلۇق ھەرپ بولغان ئەھۋالدا، مەسىلەن: «قِرطَاس ، مِرصَاد ، فِرْقَة» .

ئەسلىي زىر دېگىنىمىز: ھەرقانداق ئەھۋالدا تەلەپپۇز قىلىنىدىغان زىردىن ئىبارەت.

غەيرى ئەسلىي زىر دېگىنىمىز: توختاپ ئوقۇلغاندا تەلەپپۇز قىلىنمايدىغان زىردىن ئىبارەت.

(5) «ر» ھەرپى سۆز ئاخىرىدا زەبەر ياكى پەشدىن كېيىن كېلىپ، ساكىنلىق ھالەتتە تەلەپپۇزدىن توختالسا، مەسىلەن: «لِلْبَشَر ، اَلنُّذُر» .

(6) «ر» ھەرپى ساكىنلىق «و» ياكى «ا» دىن كېيىن ساكىنلىق ھالەتتە تەلەپپۇزدىن توختالسا ، مەسىلەن: « مَسْطُور ، شَكُور» .

(7) «ر» ھەرپى سۆز ئاخىرىدا « ي» ھەرپىدىن باشقا ساكىنلىق ھەرپنىڭ ئارقىسىدا كەلسە، شۇنداقلا مەزكۇر ساكىنلىق ھەرپ ئالدىدا پەش ياكى زەبەر بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەھۋالدا، مەسىلەن: «والعَصْر، خُصْر».

2. «ر» ھەرپى تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئەھۋالدا ئىنچىكە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ:

(1) «ر» ھەرپى زىرلىك بولغان ئەھۋالدا، مەسىلەن: «رِجَالٌ، قَرِيبٌ».

(2) «ر» ھەرپى ئەسلىي زىردىن كېيىن كەلگەن ساكىنلىق ھەرپ بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن كۆتۈرەڭگۈ تەلەپپۇزلۇق ھەرپ بولمىغان ئەھۋالدا، مەسىلەن: «شِرْعَة، أَمْرِنَا، فِرْعَون، مِرية، اِسْتَغْفِرلَهُم».

(3) «ر» ھەرپى زىر ياكى ساكىنلىق «ي» دىن كېيىن تەلەپپۇزدىن توختالسا، مەسىلەن: «قَدِر، مُدَّكِر، سِحْر، خَيْر، خَبِيْر».

3. «ر» ھەرپىنى تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئەھۋال ئاستىدا چوڭ ھەم ئىنچىكە تەلەپپۇز قىلىشقا بولىدۇ:

(1) «ر» ئەسلىي زىردىن كېيىن كەلگەن ساكىنلىق ھەرپ بولۇپ، ئارقىدىن زىرلىك «الإستعلاء» ھەرپى كەلگەن ئەھۋالدا چوڭ ئوقۇشقىمۇ بولىدۇ، بۇ خىل ھالەت «سۈرە شۇرا» دىكى «فِرْق» دىن باشقا جايدا تېپىلمايدۇ.

(2) «ر» ھەرپى ئەسلىي زىر ھەرىكىتىدىن كېيىن كەلگەن چوڭ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپنىڭ ئارقىسىدا

كېلىپ، ساكىنلىق ھالەتتە تەلەپپۇزدىن توختىتىلغان ئەھۋالدا، مەسىلەن:«قِطْر ، مِصْر» .

(3) «ر» ھەرپى سۆز ئاخىرىدا تەلەپپۇزدىن توختىتىلغان ئەھۋالدا، مەسىلەن : «اِذَا يَسْر ، أَنْ أَسْر» .

4.«ل» ھەرپى چوڭ ۋە ئىنچىكە تەلەپپۇزدىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك تەلەپپۇز ئالاھىدىلىككە ئىگە.

(1) «الله» سۆزىدىكى «ل» نىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەبەرلىك ياكى پەشلىك بولغاندا چوڭ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، مەسىلەن: «قَالَ اللهُ ، إِلَى اللهِ، رَسُولُ اللهِ» .

(2) «الله» سۆزىدىكى «ل» ھەرپى ئالدىنقى ھەرپ زىرلىك بولغان ئەھۋال ئاستىدا يۇمشاق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، مەسىلەن: «آمَنْتُ بِاللهِ، قُلِ اللهُمَّ» . باشقا سۆزلەردىكى «ل» ھەرپلىرىمۇ يۇقىرىقىدەك ئەھۋال ئاستىدا يۇمشاق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، مەسىلەن: «لنا ، ولْيَتَلَطَّف ، لارَيْبَ فِيه» .

5. ساكىنلىق «ا» مەخسۇس تەلەپپۇز قائىدىسىگە ئىگە ئەمەس، بەلكى ئۇ ئالدىنقى ھەرپىنىڭ تەلەپپۇز ئالاھىدىلىكىگە ئەگىشىپ، بەزىدە چوڭ، بەزىدە ئىنچىكە ئوقۇلىدۇ.

(1) «ا» كۆتۈرەڭگۈ تەلەپپۇزلۇق ھەرپلەردىن كېيىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



كەلسە كۆتۈرەڭگۈ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن: «القَانِتِيْن، الخَاشِعِيْن، الصَّابِرِيْن، فِي السَّرَّاء» .

(2) «ا» ئىنچىكە تەلەپپۇزلۇق ھەرپلەردىن كېيىن كەلسە ئىنچىكە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، مەسىلەن: «لاَ أُقْسِم، يَا أَيُّهَا، هَا أَنْتُم» .

6. «ط، ظ، ص، ض، ق» قاتارلىق چوڭ تەلەپپۇز ھەرپلىرىنىڭ بىرى بىلەن «ن» ھەرپى يوشۇرما تەلەپپۇز «الإخفاء» قىلىنسا، ئۇ ھالدا دىماغ تاۋۇشى چوڭ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن: «يَنْصُرُونَ» .

# 10 ـ دەرس: ساكىنلىق «ن» ۋە تەنۋىننىڭ قائىدىسى «احكام النون الساكنة والتنوين»

1. ساكىنلىق «ن»: سۆز ئوتتۇرىسى ۋە سۆز ئاخىرىدىكى ساكىنلىق «ن» ھەرپىنى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن: «إِنْ ، مِنْ ، كُنْتُمْ». ساكىنلىق «ن» ھەرپى مەيلى توختاپ ئوقۇلغاندا بولسۇن ياكى ئۇلاپ ئوقۇلغاندا بولسۇن، ئوخشاشلا يېزىق ۋە تەلەپپۇزدا ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

2. تەنۋىن «التنوين»: سۆز ئاخىرىدا قوشۇلۇپ كېلىدىغان، يېزىقتا يوق، تەلەپپۇزدا بار بولغان، ساكىنلىق، زىيادە «ن» تاۋۇشى بولۇپ، ئۇ سۆزلەرگە ئۇلاپ ئوقۇلغاندا (توختاپ ئوقۇلغاندا ئۇنداق بولمايدۇ) پەقەت تەلەپپۇزدا ئىپادىلىنىدۇ.

(1) «التنوين» قوش زەبەر، قوش زىر، قوش پەش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: « قَرَأْتُ كِتَابًا ، ثَلاثَةُ كُتُبٍ ، هَذا كِتَابٌ» .

(2) «التنوين» باشقا ساكىنلىق «ن» ھەرپىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئوخشاش تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، مەسىلەن: «عَلِيْمًا، حَكِيْمًا = عَلِيْمَنْ، حَكِيْمَنْ ، غَفُورٌ، شَكُورٌ = غَفُورُنْ، شَكُورُن ، كُلِّ حِزْبٍ = حِزْبِنْ» .

(3) بىز مەلۇم بىر سۆزنى تەنۋىن بىلەن تەلەپپۇزدىن توختاتساق، «ن» ھەرپىنى تەلەپپۇز قىلماستىن، بەلكى سۆزنى ساكىنلىق «ا» بىلەن زەبەرلىك ھالەتتە ئاخىرلاشتۇرىمىز، مەسىلەن: «عَلِيْمًا=عَلِيْمَا» .

(4) سۆز ئاخىرىدا قوش زىر ياكى قوش پەش بولغاندا، سۆزنى تەلەپپۇزدىن توختىتىشقا توغرا كەلسە، سۆز ئاخىرىنى ساكىن بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمىز. مەسىلەن: «عَلِيْمٌ = عَلِيْمْ » .

3. ساكىنلىق «ن» ۋە «التنوين» ئۆزىدىن كېيىنكى ھەرپلەرگە ئاساسەن تۆۋەندىكى تۆت خىل تەلەپپۇز ئالاھىدىلىككە ئىگە:

(1) ئوچۇق تەلەپپۇز «الإظهار»

(2) كىرىشتۈرمە تەلەپپۇز «الإدغام»

(3) ئالماش تەلەپپۇز «الإقلاب»

(4) يوشۇرما تەلەپپۇز «الإخفاء»

# ساكىنلىق «ن» ۋە «التنوين» نىڭ قائىدىسى

| № | قائىدە نامى | | ھەرپ |
|---|---|---|---|
| 1 | ئوچۇق تەلەپپۇز | | ا،ه،ع،ح،غ،خ |
| 2 | ئىدغام | دىماغلىق ئىدغام | ي، م، ن، و |
| | | دىماغسىز ئىدغام | ر، ل |
| 3 | ئالماش تەلەپپۇز | | ب |
| 4 | يوشۇرما تەلەپپۇز | | ص،ذ،ث،ك،ج،ش،ق،س،د، ط،ز،ف،ت،ض،ظ |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# 11 ـ دەرس: ئوچۇق تەلەپپۇزنىڭ قائىدىسى «الإظهار»

«الإظهار» سۆزى ئەرەب تىلىدا «ئاشكارىلاش، بايان قىلىش» مەنىسىدە بولۇپ، تەجۋىد ئىلمىدىكى ئاتالغۇلۇق مەنىسى ھەربىر ھەرپنى غۇننە قىلماستىن (دىماغ تاۋۇشى بىلەن ئەمەس)، بەلكى ئۆزىنىڭ ئەسلىي تاۋۇش ئورۇنلىرىدىن چىقىرىپ تەلەپپۇز قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئوچۇق تەلەپپۇز ئەمەلىيەتتە «ن» ھەرپى ۋە «التنوين» نى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تەلەپپۇز قىلىش ھەمدە ئۇلارنى سەكتە ۋە تەۋرەنمە تەلەپپۇز قىلىپ قويماستىن، بەلكى ساكىنلىق ھالەتتە يۇمشاق تەلەپپۇز قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

1. ئوچۇق تەلەپپۇز «ء، ه» ھەرپلىرىدە كۈچلۈكرەك، «ع، ح» ھەرپلىرىدە ئوتتۇرا ھال، «غ، خ» ھەرپلىرىدە تۆۋەنرەك بولىدۇ.

2. ساكىنلىق «ن» ۋە «التنوين» بوغۇز ھەرپلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئالدىدا كەلسە، ئۇ ھالدا ئوچۇق تەلەپپۇز

قىلىنىدۇ.

(1) ساكىنلىق «ن» نىڭ «ء» ھەرپى بىلەن ئۇچراشقاندىكى مىسالى: «يَنْأَون ، مَنْ آمَنَ ، رَسُولٌ أَمِيْن».

(2) ساكىنلىق «ن» نىڭ «ه» ھەرپى بىلەن ئۇچراشقاندىكى مىسالى: «يَنْهَون، مِن هَادٍ ، جُرُفٍ هَارٍ».

(3) ساكىنلىق «ن» نىڭ «ع» ھەرپى بىلەن ئۇچراشقاندىكى مىسالى: « يَنْعِقُ، مِن عِلْمٍ ، سَمِيْعٌ عَلِيْمٌ ، يَنْعِثُونَ».

(4) ساكىنلىق «ن» نىڭ «ح» ھەرپى بىلەن ئۇچراشقاندىكى مىسالى: «مِنْ حَسَنَةٍ، عَلِيْمٌ حَكِيْمٌ».

(5) ساكىنلىق «ن» نىڭ «غ» ھەرپى بىلەن ئۇچراشقاندىكى مىسالى: «فَسَيُنْغِضُونَ ، مِن غِلٍّ».

(6) ساكىنلىق «ن» نىڭ «خ» ھەرپى بىلەن ئۇچراشقاندىكى مىسالى:«وَالمُنْخَنِقَة ، مِنْ خَيْر».

3. ساكىنلىق «ن» ۋە «التنوين» نىڭ بوغۇز ھەرپلىرىنىڭ بىرى بىلەن ئۇچرىششى

| № | ھەرپ | يەككە سۆزدىكى مىسالى | ئىككى سۆزدىكى مىسالى | تەنۋىندىكى مىسالى |
|---|---|---|---|---|
| 1 | ء | يَنْئَوْنَ | مَنْ ءامَنَ | كُلٌّ ءامَنَ |
| 2 | ه | الْأَنْهَارُ | مِنْ هَادٍ | جُرُفٍ هَارٍ |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 3 | ع | أَنْعَمْتَ | مِنْ عِلْمٍ | حَكِيْمٌ عَلِيْمٌ |
| 4 | ح | يَنْحِتُوْنَ | مَنْ حَكِيْمٍ | حَلِيْمٌ حَمِيْدٌ |
| 5 | غ | فَسَيُنْغِضُوْنَ | مِنْ غِلٍّ | قَوْلًا غَيْرَ |
| 6 | خ | وَالْمُنْخَنِقَةُ | مِنْ خَيْرٍ | عَلِيْمٌ خَبِيْرٌ |

# 12 ـ دەرس: كىرىشتۈرمە تەلەپپۇزنىڭ قائىدىسى «الإدغام»

«الإدغام» سۆزى ئەرەب تىلىدا «قوشۇش، كىرگۈزۈش» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ، تەجۋىد ئىلمىدىكى ئاتالغۇلۇق مەنىسى بىر ساكىنلىق ھەرپنى يەنە بىر ھەرىكەتلىك ھەرپكە كىرىشتۈرۈپ بىر تاۋۇش قىلىپ ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ.

ساكىنلىق «ن» ۋە «التنوين» دىن كېيىن «الإدغام» ھەرپىنىڭ بىرى كەلسە، ئۇ ھالدا ئىدغام قىلىش زۆرۈر بولىدۇ.

ئىدغام (كىرىشتۈرمە تەلەپپۇز ھەرپلىرى) «ي، ر، م، ل، و، ن» لاردىن ئىبارەت ئالتە ھەرپتۇر.

1. دىماغ تاۋۇشى «الغنة»: ساكىنلىق نۇن «النون الساكنة»، تەنۋىن «التنوين» ۋە ساكىنلىق مىم «الميم الساكنة» قاتارلىقلارنى تەلەپپۇز قىلغان ۋاقىتتا شەكىللىنىدىغان يۇمشاق دىماغ ئاۋازى بولۇپ، ئۇ ئادەتتە ئىككى ھەرىكەت مىقدارى سوزۇپ ئوقۇلىدۇ، بىر ھەرىكەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىقدارى ئادەتتە بارماقنى يۇمۇش ياكى ئېچىش ۋاقتى بىلەن بەلگىلىنىدۇ.

2. ئىدغام (كىرىشتۈرمە تەلەپپۇز) غۇننىلىك ئىدغام «إدغام بغنة» ۋە غۇننىسىز ئىدغام «إدغام بغير غنة» دىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

(1) غۇننىلىك ئىدغام: ساكىنلىق «ن» ۋە «التنوين» نى «يَنْمُو» سۆزىدىكى ھەرپلەرنىڭ بىرىگە كىرىشتۈرۈپ غۇننە بىلەن ئىككى ھەرىكەت مىقدارى ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «مَنْ يَّعْمَل ، لِقَومٍ يُّؤْمِنُون ، هُدًى مِّنْ رَّبِّهِمْ» .

ئىدغام ئادەتتە ئىككى سۆز ئارىسىدا بولىدۇ، ئەگەر ساكىنلىق «ن» ياكى «التنوين» بىلەن ئىدغام ھەرپلىرى بىر كەلىمىدە ئۇچراشسا، ئىدغام قىلماستىن، بەلكى ئوچۇق تەلەپپۇز قىلىش زۆرۈردۇر، مەسىلەن: «دُنْيَا ، قِنْوَان ، صِنْوَان ، بُنْيَان» .

(2) غۇننىسىز ئىدغام: «ل» ھەرپى بىلەن «ر» ھەرپىدە بولىدۇ. مەسىلەن: «يُبَيِّنْ لَنَا ، هُدًى لِلْمُتَّقِين ، مِنْ رَّبِّهِمْ ، غَفُورٌ رَّحِيمْ» .

غۇننىسىز ئىدغاممۇ غۇننىلىك ئىدغامغا ئوخشاشلا ئىككى سۆز ئارىسىدا بولىدۇ.

3. ئىدغام ئالاھىدىلىكىگە قاراپ چوڭ ئىدغام ۋە كىچىك ئىدغامدىن ئىبارەت چوڭ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

(1) چوڭ ئىدغام: ھەرىكەتلىك ھەرپنىڭ يەنە بىر ھەرىكەتلىك ھەرپكە يولۇقۇپ تەشدىدلىك ھالەتتە بىر ھەرپكە ئۆزگىرىشىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «مَا سَلَكَكُمْ فِي سَقَرَ» دېگەن ئايەتتىكى ھەرىكەتلىك ئىككى «ك» ھەرپىنى ئىدغام قىلىپ، «سَلَكُّمْ» دەپ ئوقۇغاندەك، سۈرە فاتىھەدىكى «الرَّحِيمِ مَالِكِ» ئىبارىسىدە ئىككى «م» ھەرپىنى ئىدغام قىلىپ، «الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ مَّالِكِ» دەپ ئوقۇغاندەك.

(2) كىچىك ئىدغام: ساكىنلىق ھەرپنىڭ ھەرىكەتلىك ھەرپ بىلەن ئۇچرىشىپ تەشدىدلىك ھالەتتە بىر ھەرپكە ئۆزگىرىشىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «إِذْ ذَّهَبَ». بۇ خىل ئىدغام ئۆزئارا كىرىشتۈرۈلىدىغان ئىككى ھەرپنىڭ ئوخشاش تاۋۇشلۇق ھەرپ بولغانلىقى ياكى تۇرداش تاۋۇشلۇق ھەرپ بولغانلىقى ۋە ياكى يېقىن تاۋۇشلۇق ھەرپ بولغانلىقىدىندۇر.

4. ئوخشاش تاۋۇشلۇق ئىدغام «إدغام المتماثلين»: بىر ھەرپنىڭ بىر كەلىمە ياكى ئىككى كەلىمىدە ئارقىمۇ ئارقا كېلىشىدىن ھاسىل بولىدىغان ئىدغامنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «اضْرِبْ بِعَصَاكَ، بَلْ لَا يَخَافُونَ، قَدْ دَخَلُوا، يُدْرِكْكُمْ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



الْمَوتُ، رَبِحَتْ تِجَارَتُهُمْ» .

5. تۇرداش تاۋۇشلۇق ئىدغام «إدغام المتجانسين»: تەلەپپۇزى پەرقلىق بولغان بىر مەخرەجلىك ئىككى هەرپنىڭ ئارقمۇ ئارقا كېلىشىدىن هاسىل بولغان ئىدغامنى كۆرسىتىدۇ.

(1) «د» هەرپىنىڭ «ت» هەرپىگە كىرىشتۈرۈلىشىنىڭ مىسالى: «قَدْ تَبَيَّنَ» ، ئوقۇلۇشى: «قَتَّبَيَّنَ» .

(2) «ت» هەرپىنىڭ «د» هەرپىگە كىرىشتۈرۈلىشىنىڭ مىسالى: «أُجِيبَتْ دَعْوَتُكُمَا» ، ئوقۇلۇشى: «أُجِيبَت دَّعْوَتُكُمَا» .

(3) «ت» هەرپىنىڭ «ط» هەرپىگە كىرىشتۈرۈلىشىنىڭ مىسالى: «قَالَتْ طَائِفَةٌ» ، ئوقۇلۇشى: «قَالَت طَّائِفَةٌ» .

(4) «ذ» هەرپىنىڭ «ظ» هەرپىگە كىرىشتۈرۈلىشىنىڭ مىسالى: «إِذْ ظَلَمُوا» ، ئوقۇلۇشى: «إِذ ظَّلَمُوا» .

(5) «ث» هەرپىنىڭ «ذ» هەرپىگە كىرىشتۈرۈلىشىنىڭ مىسالى: «يَلْهَثْ ذَالِكَ» ، ئوقۇلۇشى: «يَلْهَث ذَّالِكَ» .

(6) «ب» هەرپىنىڭ «م» هەرپىگە كىرىشتۈرۈلىشىنىڭ مىسالى: «ارْكَبْ مَعَنَا» ، ئوقۇلۇشى: «ارْكَب مَّعَنَا» .

6. يېقىن تاۋۇشلۇق ئىدغام «إدغام المتقاربين»: مەخرەجلىرى ۋە سۈپەتلىرى بىر بولغان ئىككى هەرپنىڭ

ئىككى سۆزدە ئارقىمۇ ئارقا كېلىشىدىن ھاسىل بولغان ئىدغامدىن ئىبارەت، مەسىلەن: «قُل رَّبِّ، بَل رَّفَعَهُ اللهُ، أَلَمْ نَخْلُقكُّم».

بۇ خىل ئىدغامدا گەرچە ئۆزئارا ئىدغام قىلىنىدىغان ئىككى ھەرپ بارلىق سۈپەتلەردە ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن كۆپىنچە سۈپەتلەردە ئۆزئارا ئورتاقلىقتا ئىگە بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. لېكىن بوغۇز ھەرپلىرىنى تەلەپپۇز قىلىش بىر قەدەر قىيىن بولغاچقا، مەزكۇر ھەرپلەر ئىدغام قىلىنمايدۇ. مەسىلەن: «فَسَبِّحْهُ، أَبْلِغْهُ، فَاصْفَحْ عَنْهُم، أَفْرِغْ عَلَيْنَا».

7. ئىدغام يەنە تولۇق ئىدغام ۋە كەمتۈك ئىدغامدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ

(1) تولۇق ئىدغام: مەلۇم بىر ئىدغام ھەرپىنىڭ يەنە بىر ئىدغام ھەرپىگە تولۇق كىرىشتۈرۈلۈشى، يەنى بىرىنچى ھەرپنىڭ سۈپەتلىرى ۋە جىنسىنىڭ ئىككىنچى ھەرپىنىڭ جىنسى ۋە سۈپىتىگە ئۆزگەرتىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «ودَّتْ طَائِفَةٌ»، ئوقۇلۇشى: «ودَّت طَّائِفَةٌ».

(2) كەمتۈك ئىدغام: مەلۇم بىر ئىدغام ھەرپىنىڭ يەنە بىر ئىدغام ھەرپىگە سۈپەتتە ئەمەس، بەلكى جىنسىدا كىرىشتۈرۈلىشىنى كۆرىتىدۇ، مەسىلەن: «أَحَطْتُّ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



«بَسَطتَّ» .

## غۇننىلىك ۋە غۇننىسىز ئىدغامنىڭ كۆرسىتىلىشى

| تۈرى | ھەرپ | ساكىنلىق«ن»بىلەن ئۇچرىشىشى | ئىدغام ھالەتتە ئوقۇلۇشى |
|---|---|---|---|
| غۇننىلىك ئىدغام | ي | مَن يَعْمَلْ | مَيَّعْمَلْ |
| | ن | لَن نَدْخُلَهَا | لَنَّدْخُلَهَا |
| | م | صِرَاطًا مُّسْتَقِيمًا | صِرَاطَمُّسْتَقِيمًا |
| | و | مِنْ وَرَائِهِمْ | مِوَّرَائِهِمْ |
| غۇننىسىز ئىدغام | ل | هُدًى لِّلْمُتَّقِينَ | هُدَلِّلْمُتَّقِينَ |
| | ر | مِنْ رَّبِّهِمْ | مِرَّبِّهِمْ |

# ئىدغامنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرىنىڭ كۆرسىتىلىشى

| № | تۈرى | | شەكىللىنىش سەۋەبى | مىساللار |
|---|---|---|---|---|
| 1 | تولۇق ئىدغام | | مەلۇم بىر ئىدغام ھەرپىنىڭ سۈپەتلىرى ۋە جىنسىنىڭ يەنە بىرىنىڭ جىنسى ۋە سۈپىتىگە ئۆزگەرتىلىشى | ودَّت<br>طَّائِفَة |
| 2 | كەمتۈك ئىدغام | | مەلۇم بىر ئىدغام ھەرپىنىڭ بىرىنىڭ يەنە بىرىگە جىنسىدا كىرىشتۈرۈلىشى | بَسَطْتَّ |
| 3 | چوڭ ئىدغام | | ھەرىكەتلىك ھەرپنىڭ يەنە بىر ھەرىكەتلىك ھەرپكە يولۇقۇشى | الرَّحِيمِ<br>مَّالِكِ |
| 4 | كىچىك ئىدغام | ئوخشاش تاۋۇشلۇق | بىر ھەرپنىڭ بىر كەلىمە ياكى ئىككى كەلىمىدە ئارقىمۇ ئارقا كېلىشى | اضْرِب<br>بِّعَصَاكَ |
| | كىچىك ئىدغام | تۈرداش تاۋۇشلۇق | تەلەپپۇزى پەرىقلىق بولغان بىر مەخرەجلىك ئىككى ھەرپنىڭ ئارقىمۇ ئارقا كېلىشى | قَتَّبَيَّنَ |
| | كىچىك ئىدغام | يېقىن تاۋۇشلۇق | مەخرەجلىرى ۋە سۈپەتلىرى بىر بولغان ئىككى ھەرپنىڭ ئىككى سۆزدە ئارقىمۇ ئارقا كېلىشى | قُل رَّبِّ |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# 13 ـ دەرس: ئالماش تەلەپپۇز «الإقلاب» ۋە يوشۇرما تەلەپپۇز «الإخفاء» نىڭ قائىدىسى

1. «الإقلاب» سۆزى ئەرەب تىلىدا «ئۆزگەرتمەك، يۆتكىمەك» دېگەن مەنىلەردە بولۇپ، تەجۋىد ئىلمىدىكى ئاتالغۇلۇق مەنىسى ساكىنلىق «ن» ۋە «التنوين» نى «م» ھەرپىگە ئۆزگەرتىپ، غۇننە قائىدىسىگە رىئايە قىلغان ئاساستا تەلەپپۇز قىلىشنى كۆرسىتىدۇ، لېكىن «م» ھەرپى يېزىقتا يېزىلمايدۇ. مەسىلەن: «يُنۡبِتُ ، مِنۢ بَعۡدِ ، سَمِيعُۢ بَصِيرٌ» قاتارلىق سۆزلەردىكى ساكىنلىق «ن» ۋە «التنوين» نى «م» ھەرپىگە ئۆزگەرتىپ تەلەپپۇز قىلىمىز، مەسىلەن: «يُمۡبِتُ ، مِمۡ بَعۡدُ» .

بۇ ئەھۋاللاردا «م» ھەرپى بىۋاستە ئوچۇق تەلەپپۇز قىلىنماي، مەلۇم دەرىجىدە يوشۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

2. «الإخفاء» سۆزى ئەرەب تىلىدا «يېپىش، يوشۇرۇش» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ، تەجۋىد ئىلمىدىكى ئاتالغۇلۇق مەنىسى تەشدىدتىن خالىي، ساكىنلىق ھەرپنى ئوچۇق تەلەپپۇز ۋە ئىدغام ئارىلىقىدا غۇننە قىلىپ، ئىككى ھەرىكەت مىقدارى سوزۇپ ئوقۇشنى

كۆرسىتىدۇ.

(1) «الإخفاء» ساكىنلىق «ن» ۋە «التنوين» دىن كېيىن «س، ت، ج، ز، ص، د، ك، ف، ث، ق، ض، ط، ظ، ش، ذ» دىن ئىبارەت 15 ھەرپنىڭ بىرى كەلگەن ئەھۋال ئاستىدا شەكىللىنىدۇ.

(2) «الإخفاء» ئادەتتە بىر سۆز ۋە ياكى ئىككى سۆز ئارىسىدىمۇ بولۇۋېرىدۇ، مەسىلەن: «يَنْصُرْكُم ، إِنْ صَدُّوكُمْ ، رِيْحًا صَرصَرًا» .

3. ساكىنلىق «ن» ۋە تەنۋىننىڭ «الإخفاء» ھەرپلىرىگە ئۇچرىشىش ئەھۋالى

| № | ھەرپ | يەككە سۆزدىكى مىسالى | ئىككى سۆزدىكى مىسالى | تەنۋىندىكى مىسالى |
|---|---|---|---|---|
| 1 | ت | كُنْتُمْ | مَنْ تَابَ | جَنَّاتٍ تَجْرِي |
| 2 | ث | مَنْثُوْرًا | مِنْ ثَمَرَةٍ | قَوْلًا ثَقِيْلًا |
| 3 | ج | فَأَنْجَيْنَاهُ | إِنْ جَاءَكُمْ | خَلْقٍ جَدِيْدٍ |
| 4 | د | أَنْدَادًا | مِنْ دَابَّةٍ | وَكَأْسًا دِهَاقًا |
| 5 | ذ | لِيُنْذِرَ | مِنْ ذَهَبٍ | صَوَابًا ذٰلِكَ |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 6 | ز | أَنْزَلْنَاهُ | مِنْ زَوَالٍ | صَعِيدًا زَلَقًا |
| 7 | س | مَا نَنْسَخْ | مِنْ سَعَتِهِ | بَشَرًا سَوِيًّا |
| 8 | ش | فَأَنْشَرْنَا | إِنْ شَاءَ اللهُ | غَفُورٌ شَكُورٌ |
| 9 | ص | يَنْصُرُكُمْ | مِنْ صِيَامٍ | عَمَلًا صَالِحًا |
| 10 | ض | مَنْضُودٌ | مَنْ ضَلَّ | مَكَانًا ضَيِّقًا |
| 11 | ط | يَنْطِقُونَ | مِنْ طَيِّبَاتٍ | صَعِيدًا طَيِّبًا |
| 12 | ظ | يَنْظُرُونَ | مِنْ ظَهِيرٍ | قَوْمًا ظَالِمِينَ |
| 13 | ف | فَانْفَجَرَتْ | مِنْ فَضْلِ اللهِ | خَالِدًا فِيهَا |
| 14 | ق | يَنْقَلِبُونَ | مِنْ قَبْلُ | سَمِيعٌ قَرِيبٌ |
| 15 | ك | يَنْكِثُونَ | مَنْ كَانَ | كِتَابٌ كَرِيمٌ |

# 14 ـ دەرس: ساكىنلىق «م» ، تەكرار ئوقۇلىدىغان «م» ۋە «ن» نىڭ تەلەپپۇز قائىدىسى

1 . ساكىنلىق «م» ھەرپى ئۆزىدىن كېيىن كېلىدىغان ھەرپلەرنىڭ ئەھۋالىغا قارىتا «الإدغام ، الإخفاء ، الإظهار» دىن ئىبارەت ئۈچ خىل تەلەپپۇز ئالاھىدىلىكىگە ئىگە .

(1) ساكىنلىق «م» ئۆزىدىن كېيىنكى يەنە بىر «م» ھەرپىگە كىرىشتۈرۈلۈپ، تولۇق غۇننە قىلىپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن: «لَهُمْ مَّثَلًا» .

(2) ساكىنلىق «م» ھەرپى «ب» ھەرپىگە يولۇققاندا، غۇننە قىلىپ يوشۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، بۇ ۋاقىتتا چوقۇم ساكىنلىق «م» ھەرپى بىلەن «ب» ھەرپى ئىككى سۆزدە بولۇشى كېرەك. مەسىلەن: «فَاحْكُمْ بَيْنَهُمْ» .

(3) ساكىنلىق «م» ھەرپى «ب» ۋە «م» ھەرپىدىن باشقا ھەرپلەرگە يولۇققاندا ئوچۇق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، بولۇپمۇ «و» ۋە «ف» ھەرپىگە يولۇققاندا تولۇق ئوچۇق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن: «أَنْعَمْتَ، وَهُمْ فِيْهَا، عَلَيْهِمْ وَلاَ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



الضَّالِّينَ» .

2. تەكرار ئوقۇلىدىغان«م» ۋە «ن»نىڭ تەلەپپۇز قائىدىسى «حكم الميم والنون المشددتين»

شەددەلىك «م» ۋە شەددەلىك «ن» بىر-بىرى بىلەن بىر كەلىمىدە ياكى ئىككى كەلىمە ئوتتۇرىسىدا ئۇچراشقان ئەھۋالدا غۇننە قىلىپ، شەددەنى ئوچۇق ئىپادىلەپ ئوقۇش زۆرۈر بولىدۇ. مەسىلەن: «إِنَّ كَيْدَكُنَّ ، اَلْجَنَّة ، مُحَمَّد ، لَهُمْ مَّثَلًا ، ثُمَّ ، لَمَّا» .

# 15 ـ دەرس: ساكىنلىق «ل» لارنىڭ تەلەپپۇز قائىدىلىرى «حكم اللامات الساكنة»

ئېنىقلىق قوشۇمچىسى «اللام المعرفة» : ئىسىملارنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ، ئۇلارنى ئېنىق ئىسىملارغا ئايلاندۇرىدىغان ساكىنلىق «ل» ھەرپى بولۇپ، ئۇنىڭ تولۇق يېزىلىشى «ال» دىن ئىبارەت.

1. ئېنىقلىق قوشۇمچىسى «اللام المعرفة» نىڭ ئوچۇق تەلەپپۇز «الإظهار» ۋە ئىدغام «الإدغام» دىن ئىبارەت ئىككى خىل تەلەپپۇز ئالاھىدىلىكى بار.

(1) ئېنىقلىق قوشۇمچىسى «اللام المعرفة» 14 ئاي ھەرپىنىڭ بىرى بىلەن باشلانغان سۆزگە قوشۇلغاندا ئوچۇق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، مەسىلەن: «الأَوَّلُ، البَاقِيْ، الْغَنِيُّ، الْحَجُّ، الْجَنَّةُ، الْكَرِيْمُ، الوَدُودُ، الْخَالِقُ، الْفَتَّاحُ، العَلِيْمُ، الْقَمَرُ، الْيَومُ، الْمُلْكُ، الْهُدَى» .

(2) ئېنىقلىق قوشۇمچىسى «اللام المعرفة» 14 كۈن ھەرپلىرىنىڭ بىرى بىلەن باشلانغان سۆزگە ئۇلانغاندا مەزكۇر سۆزنىڭ بىرىنچى ھەرپىگە كىرىشتۈرۈلۈپ تەلەپپۇز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قىلىنىدۇ، مەسىلەن: «الطَّيِّبَاتُ ، التَّمَرَاتُ ، الصَّالِحَاتُ ، الرَّحْمٰنُ ، التَّائِبُونَ ، الظَّالِمِيْنَ ، الذَّاكِرِيْنَ ، النَّاسُ ، الدَّاعِي ، السَّائِحُونَ ، الطَّاهِرُ ، الزَّكٰوةُ ، الشَّمْسُ ، اللَّيْلُ» .

2. پېئىللار تەركىبىدىكى «ل» ھەرپى ئۆتكەن زامان، كېلىدىغان زامان ۋە بۇيرۇق پېئىللىرىدىكى ساكىنلىق «ل» ھەرپىنى كۆرسىتىدۇ. مەزكۇر ھەرپمۇ ئوچۇق تەلەپپۇز «الإظهار» ۋە كىرىشتۈرۈپ ئوقۇش «الإدغام» دىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

(1) پېئىل تەركىبىدىكى ساكىنلىق «ل» دىن كېيىن «د» ۋە «ل» ھەرپى كەلگەن ئەھۋال ئاستىدا، ساكىنلىق «ل» ھەرپى كېيىنكى ھەرپكە ئىدغام قىلىنىدۇ. پەقەت پېئىل بۇيرۇق پېئىلى بولغاندا ئاندىن ساكىنلىق «ل» ھەرپىدىن كېيىن «ل» ياكى «ر» ھەرپى كېلىدۇ. مەسىلەن: «قُلْ رَبِّ ، قُلْ لَا أَمْلِكُ» .

(2) «ل» ھەرپى ئۆزىدىن كېيىن «ل» ۋە «ر» ھەرپىدىن باشقا ھەرپكە ئۇچراشقان ئەھۋال ئاستىدا ئوچۇق تەلەپپۇز قىلىنىش زۆرۈر بولىدۇ، مەسىلەن: «جَعَلْنَا ، يَلْتَقِطْهُ ، قُلْ نَعَمْ» .

3. ھەرپلەر تەركىبىدىكى «ل» (هَلْ ، بَلْ) پېئىل تەركىبىدىكى ساكىنلىق «ل» غا ئوخشاش ھەم ئوچۇق تەلەپپۇز قىلىنىش، ھەم ئىدغام قىلىنىشتىن ئىبارەت

ئىككى خىل ئالاھىدىلىكتە ئىگە. مەسىلەن: «هَلْ لَكُمْ ، بَلْ لايَخَافُونَ ، بَلْ رَفَعَهُ اللهُ إِلَيهِ ، هَل تَرَى ، بَلْ نَحْنُ» .

4. ئىسىملار تەركىبىدىكى «ل» ھەرقاچان ئوچۇق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن : «سُلْطَانٌ ، أَلْفَافًا» .

«ق» ۋەكىللىكىدىكى 14 ئاي ھەرپلىرى ۋە «ش» ۋەكىللىكىدىكى 14 كۈن ھەرپلىرىنىڭ كۆرسىتىلىشى

| ئاي ھەرپلىرى | | | كۈن ھەرپلىرى | | |
|---|---|---|---|---|---|
| № | ھەرپ | مىسال | № | ھەرپ | مىسال |
| 1 | ا | آلْأَلَمُ | 1 | ت | آلتَّوْبَةُ |
| 2 | ب | آلْبَحْرُ | 2 | د | آلدَّوْلَةُ |
| 3 | ج | آلْجَبَلُ | 3 | ث | آلثَّوْبُ |
| 4 | ح | آلْحُلْمُ | 4 | ذ | آلذِّلُّ |
| 5 | خ | آلْخَيْرُ | 5 | ر | آلرَّحْمَةُ |
| 6 | ع | آلْعَيْنُ | 6 | ز | آلزَّيْتُونُ |

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 7 | غ | اَلْغُفْرَانُ | 7 | س | اَلسِّرَاجُ |
| 8 | ف | اَلْفَوْزُ | 8 | ش | اَلشَّمْسُ |
| 9 | ق | اَلْقَلَمُ | 9 | ص | اَلصَّلَاةُ |
| 10 | ك | اَلْكَوْثَرُ | 10 | ض | اَلضَّعِيْفُ |
| 11 | م | اَلْمَلَلُ | 11 | ط | اَلطَّهَارَةُ |
| 12 | ي | اَلْيَمِيْنُ | 12 | ظ | اَلظُّلْمُ |
| 13 | و | اَلْوَزْنُ | 13 | ن | اَلنُّوْرُ |
| 14 | ه | اَلْهَرَمُ | 14 | ل | اَللَّوْنُ |

# 16ـ دەرس: مەد ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى «المد وأقسامه»

«المد» كەلىمىسى «ئاشۇرۇش، سوزۇش» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ، ئاتالغۇلۇق مەنىسى مەد ھەرپلىرىنى ئادەتتىكىدىن سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

1. مەد ئۆز ئالاھىدىلىكىگە قاراپ ئەسلىي مەد «المد الأصلي» ۋە تارماق مەد «المد الفرعي» دىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

2. مەد ھەرپلىرى ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) «ا»: مەزكۇر ھەرپ ھەمىشە ساكىنلىق بولۇپ، ئالدىدىكى ھەرپ ئادەتتە زەبەرلىك كېلىدۇ، مەسىلەن: «قَال».

(2) «و»: مەزكۇر ھەرپ ئالدىدىكى ھەرپ پەشلىك بولۇپ، ئۆزى ساكىنلىق بولغان ئەھۋالدا مەد شەكىللىنىدۇ، مەسىلەن: «يَقُولُ».

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



(3) «ي»: مەزكۇر ھەرپ ئالدىدىكى ھەرپ زىرلىق كېلىپ، ئۆزى ساكىنلىق بولسا مەد شەكىللىنىدۇ، مەسىلەن: «قِيْلَ».

ئەسكەرتىش: بىر ھەرىكەت مىقدارى قولنى يۇمۇش ياكى ئېچىش ۋاقتى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئەگەر ئەسلىي مەدنى ئەسلىدىكى تەلەپپۇز ئۆلچىمىدىن ئاشۇرۇپ ياكى كېمەيتىپ تەلەپپۇز قىلغاندا، گراماتىكىلىق ۋە لېكسىكىلىق خاتالىق كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن: «وَإِذْ أَخَذْنَا مِيثَاقَكُمْ لَا تَسْفِكُونَ دِمَاءَكُمْ وَلَا تُخْرِجُونَ أَنفُسَكُم مِّن دِيَارِكُمْ» دېگەن ئايەتتىكى «لَا تَسْفِكُونَ، وَلَا تُخْرِجُونَ» ئەسلىي مەد قىلىپ ئوقۇلغاندا تۆۋەندىكىدەك مەنا چىقىدۇ: «ئۆز ۋاقتىدا بىر-بىرىڭلارنىڭ قېنىنى تۆكمەسلىككە، بىر-بىرىڭلارنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارماسلىققا سىلەردىن چىن ئەھدە ئالغان ئىدۇق» - سۈرە بەقەر 84-ئايەت. ئەمما ئەسلىي مەد توغرا تەلەپپۇز قىلىنمىاي، «لَتَسْفِكُونَ، وَلَتُخْرِجُونَ» دەپ ئوقۇغاندا، «ئۆز ۋاقتىدا بىر-بىرىڭلارنىڭ قېنىنى تۆكۈشكە، بىر-بىرىڭلارنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقىرىشقا سىلەردىن چىن ئەھدە ئالغان ئىدۇق» دېگەن قاتتىق خاتا مەنا كېلىپ چىقىدۇ.

# 17 ـ دەرس: ئەسلىي مەدنىڭ تۈرلىرى «أقسام المد الأصلي»

ئەسلىي مەد: مەد ھەرپىنىڭ «ء» ۋە ساكىن قاتارلىق مەد سەۋەبىدىن خالىي بولغان ۋاقىتتا ئىككى ھەرىكەت مىقدارى سوزۇپ ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ (تارماق مەد 18 ـ دەرستە سۆزلىنىدۇ). مەسىلەن: «يَقُولُ».

ئەسلىي مەد: ئالماشما مەد «مد البدل»، تېگىشمە مەد «مد العوض»، يۇمشاق تەلەپپۇزلۇق مەد «مد اللين»، ئۇلانما مەد «مد الصلة»، تۇراقلاشما مەد «مد التمكين» دىن ئىبارەت بەش قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

1. ئالماشما مەد «مد البدل»: ساكىنلىق «ء» ئورنىغا ئالماشقان مەدنى كۆرسىتىدۇ. ساكىنلىق «ء» ھەرىكەتلىك «ء» دىن كېيىن كەلگەن ئەھۋال ئاستىدا ئالدىنقى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتىگە ماس ھالدا ئۆزگەرتىلىدۇ.

(1) ئەگەر ئالدىنقى ھەرپ زەبەرلىك بولسا، ئۇ ھالدا ساكىنلىق «ء» «ا» كە ئۆزگەرتىلىدۇ. مەسىلەن: «آمنوا»، ئەسلىي «أأمنوا» ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

(2) ئەگەر ئالدىنقى ھەرپ پەشلىك بولسا «و» غا ئۆزگەرتىلىدۇ. مەسىلەن: «أوتوا» ئەسلىي «أُؤْتوا» ئىدى.

(3) ئەگەر ساكىنلىق «ء» ئالدىدىكى زىرلىق بولسا، ئۇ ھالدا «ي» غا ئۆزگەرتىلىدۇ، مەسىلەن: «إيمانا»، ئەسلىي «إِءْمانا» ئىدى.

2. تېگىشمە مەد «مد العوض»: سۆز ئاخىرىدا ئاياللىق جىنسىنى بىلدۈرىدىغان ئۇلانما «ة» (تاء التأنث المربوطة) بىلەن تەلەپپۇزنى توختاتماقچى بولغان ئەھۋال ئاستىدا، قوش زەبەرنى «ا» كە تېگىشمە قىلىپ، ئۆزگەرتىش ئارقىلىق شەكىللىنىدىغان مەدنى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن: «غَفُورًا ، رَحِيمًا . غفورا ، رحيما». ئەگەر «تاء التأنث المربوطة» نىڭ ئۈستىدە قوش زەبەر بولۇپ، توختاشقا توغرا كەلسە مەزكۇر «ة» ھەرپى «ه» گە ئۆزگەرتىلىدۇ، مەسىلەن: « قَرْيَةٌ -قرْيَه».

3. يۇمشاق تەلەپپۇزلۇق مەد «مد اللين»: ئۆتكۈنچى ساكىن بىلەن تەلەپپۇزدىن توختالغان ئەھۋال ئاستىدا، زەبەرنىڭ ئارقىمۇ ئارقا كەلگەن ئىككى ساكىنلىق ھەرپ بىلەن ئۇچرىشىشىدىن ھاسىل بولىدىغان مەدنى كۆرسىتىدۇ.

(1) بۇ خىل ئەھۋالدا «و، ي» تاۋۇشى ئادەتتىكىدىن پەرقلەندۈرۈپ سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، مەسىلەن: «

خَوْفٌ ، شَيْئٌ» .

(2) بـۇ خـــل مەد ســاكىنلىق ئۆتكــۈنچى مەدكە ئوخشــاش ئـالتە ھەرىــكەت مىقــدارى، تــۆت ھەرىــكەت مىقدارى، ئىككى ھەرىكەت مىقدارى ئوقۇشتىن ئىبارەت ئــۈچ تۈرلــۈك تەلەپپــۇز ئالاھــىدىلىككە ئىــگە، لــېكىن ئۆتكــۈنچى ئوقــۇش ھالىتــىدە ئەســلا ســوزۇپ تەلەپپــۇز قىلىشقا بولمايدۇ، مەسىلەن: «خَوْفٌ ، شَيْئٌ» .

4. ئۇلانمــا مەد «مـد الصــلة»: ســۆزلەردە ئىككــى ھەرىكەتلىــك ھەرپ ئارىســىدا كەلــگەن زىرلىــق يــاكى پەشــىلىك يەكــكە ئالمــاش «ه» ھەرپىنــى ســوزۇپ تەلەپپــۇز قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بـۇ يەردە دىيىلىۋاتقان ئالمـاش «ه» پەشـــىلىك بولســا، ئــۇنى ســاكىنلىق «ي» تاۋۇشـــىنى ئىپادىلىگەندەك تولدۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىشنى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن: «إِنَّهُ يَعْلَمُ : إِنَّهُو يَعْلَمُ ، بِهِ بَصِيْرًا : بِهِى بَصِيْرًا » .

ئۇلانما مەد يەنە ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

(1) كىچىك ئۇلانما مەد «مد الصلة الصغرى»: بۇ خىل مەد «ه» دىــن كېيــىن «ء» كەلمــگەن ئەھــۋال ئاســتىدا شــەكىللەنگەن مەدنــى كۆرســىتىدۇ، بــۇ ئەســلىي مەدكە ئوخشــاش ئىككــى ھەرىــكەت مىقــدارى ســوزۇپ تەلەپپــۇز قىلىنسا بولىدۇ، مەسىلەن: «بَلَى إِنَّ رَبَّهُ كَانَ بِهِ بَصِيرًا » .

(2) چــوڭ ئۇلانمــا مەد «مــد الصــلة الكــبرى»: «ه»

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



ھەرپىدىن كېيىن «ء» كەلگەن ئەھۋال ئاستىدا شەكىللىنىدىغان مەدنى كۆرسىتىدۇ، مەزكۇر مەد ئايرىلما مەدكە ئوخشاش تۆت ياكى بەش ھەرىكەت مىقدارى ئەتراپىدا تەلەپپۇز قىلىنسا بولىدۇ، مەسىلەن: «لَا يَمَسُّهُ إِلَّا الْمُطَهَّرُونَ».

5. تۇراقلاشما مەد «مد التمكين»: ئاۋۋالقىسى زىرلىك، ئاخىرقىسى ساكىنلىق ھەم شەددىلىك بولغان ئىككى ھەرپنىڭ ئارقىمۇ ئارقا كېلىشىدىن ھاسىل بولغان مەدنى كۆرسىتىدۇ، بۇ خىل مەد ئەسلىي مەدكە ئوخشاش ئىككى ھەرىكەت مىقدارى سوزۇپ ئوقۇلىدۇ، مەسىلەن: «حُيِّيتُمْ، وَالنَّبِيِّينَ».

# 18 ـ دەرس: تارماق مەدنىڭ تۈرلىرى «أقسام المد الفرعي»

تارماق مەد «المد الفرعي»: مەد ھەرپلىرىدىن كېيىن «ء» ياكى ساكىن قاتارلىق مەد سەۋەبى كەلگەن ياكى مەد ھەرپى ئالدىدا پەقەت «ء» ھەرپىلا بولغان ئەھۋال ئاستىدا شەكىللىنىدىغان مەدنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «جَاءَ، دَآبَّة، إِيْمَانًا».

تارماق مەد ئۆزىنىڭ شەكىللىنىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تۇتاشما مەد«المد المتصل»، ئايرىلما مەد«المد المنفصل»، ساكىنلىق ئۆتكۈنچى مەد «المد العارض للسكون»، لازىملىق مەد «المد اللازم» قاتارلىق تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1. تۇتاشما مەد«المد المتصل»: بىر كەلىمىدە مەد ھەرپلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئارقىسىدىن «ء» كېلىشى سەۋەبىدىن شەكىللىنىدىغان مەدنى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن: «سَآءَ، سِيئَ، سُوءَ».

(1) مەزكۇر مەدنىڭ تۇتاش مەد دەپ ئاتىلىشىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



سەۋەبى شۇكى، بۇ خىل مەدتە مەد ھەرپى «ء» بىلەن بىر كەلىمە ئىچىدە تۇتىشىدۇ.

(2) مەزكۇر مەد ئادەتتە تۆت ھەرىكەت ياكى بەش ھەرىكەت مىقدارى سوزۇلىدۇ، توختاش ھالىتىدە ئالتە ھەرىكەت مىقدارىدا ئوقۇلىشىمۇ بولىدۇ.

2. ئايرىلما مەد«المد المنفصل»: مەد ھەرپىنىڭ بىرى بىلەن «ء» نىڭ ئىككى سۆز ئارىسىدا ئارقىمۇ ئارقا كېلىشىدىن ھاسىل بولغان مەدنى كۆرسىتىدۇ. مەد ھەرپى بىرىنچى سۆزنىڭ ئاخىرىدا، «ء» ھەرپى ئىككىنچى سۆزنىڭ بېشىدا كېلىدۇ.

مەسىلەن: «بِمَا أُنْزِلَ، فِي أَنْفُسِهِمْ، قُولُوا آمَنَّا»، بۇ خىل مەد ئادەتتە تۆت ياكى بەش ھەرىكەت مىقدارىدا سوزۇلىدۇ، ئىككى ھەرىكەت مىقدارىدىن تۆۋەنلىتىپ ئوقۇشقا بولمايدۇ.

3. ساكىنلىق ئۆتكۈنچى مەد «المد العارض للسكون»: مەد ھەرپىدىن كېيىن كەلگەن ھەرىكەتلىك ھەرپ ساكىنلىق ھالەتتە تەلەپپۇزدىن توختىتىلىشىدىن شەكىللىنىدىغان مەدنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «الْعِقَابُ»، مەد قىلىپ ئوقۇلىشى: «الْعِقَابْ، خَالِدُونَ»، ئوقۇلىشى: «خَالِدُونْ، خَبِيرٌ»، ئوقۇلىشى: «خَبِيرْ». بۇ خىل مەدنى ئۈچ خىل ئوقۇش يەنى ئىككى ھەرىكەت، تۆت ھەرىكەت،

ئالته ھەرىكەت مىقدارى ئۇقۇش دۇرۇس بولىدۇ.

4. لازىملىق مەد «المد اللازم»: مەد ھەرپلىرىدىن كېيىن ساكىننىڭ كېلىشىدىن شەكىللىنىدىغان مەدنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل مەد ئالته ھەرىكەت مىقدارى سوزۇلۇپ ئوقۇلۇشى زۆرۈر.

ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى www.uyghurkitap.com



# 19 ـ دەرس: لازىملىق مەدنىڭ تۈرلىرى

## «أقسام المد اللازم»

لازىملىق مەد «المد اللازم» ئۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە، ئۆز ئىچىدىن سۆزدىكى ئېغىر لازىملىق مەد «المد اللازم المثقل الكلمي»، سۆزدىكى يەڭگىل لازىملىق مەد «المد اللازم المخفف الكلمي»، ھەرپتىكى ئېغىر لازىملىق مەد «المد اللازم المثقل الحرفي»، ھەرپتىكى يەڭگىل لازىملىق مەد «المد اللازم المخفف الحرفي» دىن ئىبارەت تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1. سۆزدىكى ئېغىر لازىملىق مەد «المد اللازم المثقل الكلمي»: مەد ھەرپى بىلەن شەددىلىك ھەرپ بىر كەلىمە ئىچىدە ئارقىمۇ ئارقا كېلىشىدىن ھاسىل بولغان مەدنى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن: «الصَّاخَّة، الطَّامَّة، أَتُحَاجُّونِّي، تَأْمُرُونِي».

بۇ خىل مەدنىڭ مەزكۇر نام بىلەن ئاتىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، مەد ۋە ساكىن بىر سۆز ئىچىدە ئۆزئارا يانداشىپ كەلگەن، مەد ھەرپىدىن كېيىن كىرىشتۈرمە تەلەپپۇزلۇق شەددىلىك ھەرپ كەلگەن، شۇ سەۋەبتىن مەزكۇر ھاللاردا ھەر بىر كەلىمىدە تەلەپپۇز قىلىش

نىسبەتەن ئېغىر بولغان ئالاھىدە مەد شەكىللىنىگەن.

2. سۆزدىكى يەڭگىل لازىملىق مەد «المد اللازم المخفف الكلمي»: مەد ھەرپىدىن كېيىن شەددىسىز ساكىنلىق ھەرپ كەلگەن ئەھۋال ئاستىدا شەكىللىنىگەن مەدنى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن: «آلْآنَ». بۇ خىل مەد ئادەتتە ئالتە ھەرىكەت مىقدارى ئوقۇلىدۇ، بۇ ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇشقا ياكى كېمەيتىشكە بولمايدۇ.

3. ھەرپتىكى ئېغىر لازىملىق مەد «المد اللازم المثقل الحرفي»: مەزكۇر مەد قۇرئاندىكى بەزى سۈرىلەرنىڭ باش قىسمىدىكى ئوتتۇرىسىدا مەد ھەرپى بولغان، ئارقىدىن ئۆزىدىن كېيىنكى ساكىنلىق ھەرپكە ئىدغام قىلىنغان، ئۈچ ھەرپتىن تەركىب تاپقان ئۆزۈك يەككە ھەرپلەر تۈپىدا شەكىللىنىدىغان مەدنى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن: «آلـمّ»، ئوقۇلۇشى: «أَلِفْ، لامْ، مِيمْ». «طسم»، ئوقۇلۇشى: «طَا، سِيْنْ، مِيمْ».

4. ھەرپتىكى يەڭگىل لازىملىق مەد «المد اللازم المخفف الحرفي»: قۇرئان كەلىمىلىرىدىكى بەزى سۈرىلەرنىڭ باشلىرىدا، ئوتتۇرىسىدا مەد ھەرپى بولۇپ، كېيىنكى ساكىنلىق ھەرپكە ئىدغام قىلىنمىغان، ئۈچ ھەرپتىن تەركىب تاپقان ھەرپلەر تۈپىدا شەكىللىنىدىغان مەدنى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن: «قٓاف».

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



# 20 ـ دەرس: ئۇلاق ھەمزە ۋە ئۈزۈك ھەمزە

## «همزة الوصل والقطع»

قۇرئان كەرىمدىكى ھەمزىلەر ئۈزۈك ھەمزە «همزة القطع» ۋە ئۇلاق ھەمزە «همزة الوصل» دىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1. ئۈزۈك ھەمزە: ئوقۇغاندىمۇ ھەمدە ھەمزىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۆزنى ئالدىدىكى سۆزگە ئۇلىغاندىمۇ تەلەپپۇزدىن چۈشۈپ قالمايدىغان ھەمزىدۇر، ئۇ سۆز بېشى، سۆز ئوتتۇرى، سۆز ئاخىرىدا زەبەرلىك، زىرلىق، پەشلىك ۋە ساكىنلىق قاتارلىق ھالەتلەردە كېلىدۇ.

2. ئۇلاق ھەمزە: سۆزنى باشلىغاندا ئوقۇلىدىغان، ئەمما ئالدىنقى سۆزنى ھەمزە بار سۆزگە ئۇلاپ ئوقۇغاندا تەلەپپۇز قىلىنمايدىغان ھەمزىنى كۆرسىتىدۇ.

(1) ئۇلاق ھەمزىنىڭ ئىسىم تەركىبىدىكى ئەھۋالى

① ئېنىقلىغۇچى «ال» تەركىبىدىكى ئۇلاق ھەمزە زەبەر بىلەن باشلاپ ئوقۇلىدۇ، مەسىلەن: «اَلْحِجَارَةُ، اَلْكِتَابُ».

② ئۇلاق ھەمزىدىن باشلاپ ئوقۇغاندا، ئۇنى ئوقۇش كېرەك، باشقا ئورۇندا ئۇنى ئالدىدىكى سۆزگە ئۇلاپ ئوقۇغاندا تەلەپپۇزدىن چۈشۈپ قالىدۇ، يېزىقتا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: «بِغُلَامٍ اسْمُهُ يَحْيَى» ، ئوقۇلۇشى: بِغُلَامِنِسْمُهُ يَحْيَى.

③ مەخسۇس 10 ئىسىم تەركىبىدىكى ئۇلانما ھەمزە ئادەتتىكى ئىشلىتىش ئۇسۇلى بويىچە زىرلىك ھالەتتە ئوقۇلىدۇ، ئۇلار: «اسم ، است ، ابن ، ابنة ، امرؤ ، امرأة ، اثنين ، اثنتين ، ايمن ، ابنم» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

④ ئۇلاق ھەمزە بەش ياكى ئالتە ھەرپتىن تەركىپ تاپقان ئىسىملارنىڭ ئالدىدا كەلگەندە زىرلىك ھالەتتە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن: «إِسْرَارًا ، إِسْتِكْبَارًا» .

(2) ئۇلاق ھەمزىنىڭ پېئىل تەركىبىدە بولغاندىكى ئەھۋالى

① ئۇلاق ھەمزە ئۈچ ھەرپلىك بۇيرۇق پېئىلنىڭ ئالدىدا كەلگەندە، ئەگەر بۇ بۇيرۇق پېئىلنىڭ ئەسلىدىكى ھازىرقى زامان شەكلىنىڭ ھەرپلىرىنى كەينىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ھەرپكە زىر ياكى زەبەر قويۇلغان بولسا، ھەمزە زىرلىك ھالەتتە ئوقۇلىدۇ، مەسىلەن: «اقرأ ، اسمع ، ارجع» .

② ئۇلاق ھەمزە بەش ياكى ئالتە ھەرپلىك ئۆتكەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



زامان پىئىللىرىنىڭ ۋە بۇيرۇق پىئىللىرىنىڭ بېشىدا كەلگەن ئەھۋال ئاستىدا، ئەگەر بۇ پىئىللارنىڭ ھازىرقى زامان شەكلىنىڭ كەينىدىن سانىغاندا ئىككىنجى ھەرپكە زىر ياكى زەبەر بەلگىسى قويۇلغان بولسا، زىرلىك ھالەتتە ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: «انفطرت، استغفرت، انسلخ».

③ ئۇلاق ھەمزە ئۈچ ھەرپلىك بۇيرۇق پىئىلنىڭ بېشىدا كەلگەن ئەھۋالدا، مەزكۇر پىئىلنىڭ ئۈچىنچى ھەرپى پەشلىك بولسا، ھەمزىمۇ پەشلىك ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: «اذكر، ادخل، اقتل».

## 21 ـ دەرس: پۈتۈنلەي ساكىن قىلىپ توختاش «الإسكان المحض»، ھەرىكەتنى تۆۋەنلىتىپ توختاش «الروم» ۋە لەۋنى ئۈچلاپ توختاش «الإشمام» نىڭ بايانى

1. پۈتۈنلەي ساكىن قىلىپ توختاش «الإسكان المحض» دېگىنىمىز، كەلىمىنىڭ ئاخىرىدىكى ھەرىكەتنى پۈتۈنلەي يوقىتىشنى كۆرسىتىدۇ.

تۆۋەندىكى بەش ئورۇندا پۈتۈنلەي ساكىن قىلىپ تەلەپپۇزدىن توختىلىدۇ:

(1) ئاخىرى قوش پەشلىك ياكى قوش زىرلىك سۆزلەردە توختىغاندا، ئۇلارنىڭ قوش پەش، قوش زىرلىرى ساكىن ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: «شُهُودٌ ، بِعَادٍ» .

(2) ئاخىرى قوش زەبەرلىك سۆزلەردە توختىماقچى بولغاندا، تەنۋىن «ا» كە ئالماشتۇرۇلۇپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: «عَذَابًا أَلِيمًا ، غَفُورًا رَحِيمًا» .

(3) سۆز ئاخىرىدا «ة» كەلگەن سۆزلەردە توختىماقچى بولغاندا، ئۇ ساكىنلىق «ه» ھالەتتە ئوقۇپ توختىتىلىدۇ. مەسىلەن: «خاطئة ، كاذبة» .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

(4) ئىككىنچى شەخس ۋە ئۈچىنچى شەخس كۆپلۈك ئالماشلار (كم ، هم) نىڭ تەركىبىدىكى «م» ھەر قاچان ساكىن ئوقۇپ توختىلىدۇ.

(5) ھەرىكىتى ئۆتكۈنچى بولغان سۆزلەردە توختىماقچى بولغاندا، ئۇنداق سۆزلەرنىڭ ھەرىكىتى ساكىن قىلىپ توختىلىدۇ. مەسىلەن: «كُتِبَ عَلَيْكُمُ الْقِتَالُ» .

2. ھەرىكەتنى تۆۋەنلىتىپ توختاش «الروم»

بۇ سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى «كۆزلەش، كۆڭلىگە پۈكۈش» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئاتالغۇلۇق مەنىسى توختىماقچى بولغان تاۋۇشنى باشقىلار ئاڭلىيالمىغۇدەك ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە قىلىپ ئوقۇپ توختاشنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە ھەرىكەتنى تۆۋەنلىتىپ توختىغاندا شۇ ھەرپىنىڭ ھەرىكىتىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ئوچۇق تەلەپپۇز قىلىنسا بولىدۇ. بۇنداق توختاش ئاخىرىدا تاق پەش، قوش پەش، تاق زىر، قوش زىر كەلگەن سۆزلەردىلا بولىدۇ، زەبەردە بولمايدۇ. مەسىلەن: «شُهُودٌ، بِعَادٍ» .

بۇنداق ئوقۇشتا ئاۋاز تەبىئىي مەد ئۆلچىمى بويىچە سوزۇلسا بولىدۇ. قوش پەش، قوش زىردىكى تەنۋىن تاشلىۋېتىلىدۇ.

تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئەھۋالدا ھەرىكەتنى

تۆۋەنلىتىپ توختاشقا بولمايدۇ:

(1) ئـــاخىرى زەبەرلىـــك كەلـــگەن ســـۆزلەردە، مەسىلەن: «اَلصِّرَاطَ ، اَلْعَالَمِيْنَ» .

(2) ئاخىرىدىكى ھەرپ ئۇلاپ ئوقۇلغانـدا زىـر ياكى پەشـلىك ھـالەتتە ئوقۇلـىدۇ، ئەسـلىي زىرلىـك يـاكى پەشلىك ئوقۇلمايدىغان سۆزلەردە. مەسىلەن: «كُتِبَ عَلَيْكُمُ الْقِتَالُ» .

(3) ئايـــاللىق جىنســـــىنى ئىپادىلەيـــدىغان «ة» قوشۇمچىسى پەقەت رەۋم ياكى ئىشمام قىلىپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: «إذا وقعت الواقعة ليس لوقعتها كاذبة» .

3. لەۋنى ئۇچلاپ توختاش «الإشمام»

بۇ سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى «پۇرىتىش» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئاتالغۇلۇق مەنىسى قىرائەت قىلغاندا توختاش سەۋەبلىك ساكىن ئوقۇشقا توغرا كەلگەن بىر تاۋۇشنى ساكىنلىق ھالەتتە تەلەپپۇز قىلغاندىن كېيىنلا، ئېغىزنى خۇددى پەشنى تەلەپپۇز قىلىۋاتقاندەك تۈسكە كىرگۈزۈپ، ئۇچلاپ تۇرۇپ توختاشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل توختاش پەقەت ئاخىرى تاق پەش ۋە قوش پەشلىك كەلگەن سۆزلەردىلا بولىدۇ. مەسىلەن: «إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِيْنُ» .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



(1) ساكىن سەۋەبلىك مەد شەكىللەنگەن ھەر قانداق بىر سۆزدە (يەنى ئاخىرى ئەسلىيدىنلا پەشلىك بولغان سۆزدە) ئىشمام بىلەن توختاشقا بولىدۇ.

(2) غۇننىدىن خالىي كەلگەن تەشدىدلىك تاۋۇشلاردا رەۋم ياكى ئىشمام شەكلىدە توختىغاندا، تەشدىد ئەسلىي ھالىتىدە قالدۇرۇلىدۇ. يەنە تەشدىدلىك ئوقۇلغان تەۋرەنمە تاۋۇشلاردا توختىغان ئەھۋالدا تاۋۇش كۈچلۈكرەك تەۋرىتىپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: «تَبَّتْ يَدَا أَبِي لَهَبٍ وَتَبَّ».

# 22 ـ دەرس: بەزى سۈرىلەرنىڭ بېشىدىكى ئۈزۈك ھەرپلەر «الحروف المقطعة»

قۇرئان سۈرىلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 114 سۈرە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 29 سۈرە ئەرەب تىلى ئېلىپبەسىدىكى «م، ن، ق، ط، ع، ك، ص، ل، ە، س، ح، ي، ر، ا» دىن ئىبارەت 14 ھەرپ بىلەن باشلانغان، ئۇلار ئومۇمەن تۆۋەندىكى ئۈچ خىل تەلەپپۇز ئالاھىدىلىككە ئىگە.

1. ئادەتتىكىدىن ئالتە ھەرپ مىقدارى ئاشۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىش زۆرۈر بولغان ھەرپلەر «ن، ق، ص، ع، س، ل، ك، م» دىن ئىبارەت سەككىز ھەرپتۇر.

(1) بۇ ھەرپتىكى مەدلەر لازىملىق مەدلەر بولۇپ، ئادەتتە ئالتە ھەرپ مىقدارى سوزۇلىدۇ.

(2) «ع» ھەرپىنى تۆت ھەرىكەت مىقدارى ياكى ئالتە ھەرىكەت مىقدارى ئوقۇشقىمۇ بولىدۇ.

سوزۇلۇپ ئوقۇلىدىغان ھەرپتىن جەمئىي بەش ھەرپ بولۇپ، ئۇلار: «ح، ى، ط، ە، ر» لاردۇر. مەسىلەن: «طه، حم، يس، الر».

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



3. مەزكـــــۇر 14 ھەرپ ئىچـــــــدىن پەقەت «ا» لا سوزۇلماستىن ئادەتتىكىچە ئوقۇلىدۇ، مەسىلەن: «الم، الر، المر».

29 سۈرىنىڭ بېشىدا كەلگەن 14 ھەرپ

| № | سۈرىلەرنىڭ ئىسمى | № | سۈرە بېشىدا كەلگەن ھەرپلەر |
|---|---|---|---|
| 1 | سۈرە بەقەرە | 2 | الم |
| 2 | سۈرە ئال ئىمران | 3 | الم |
| 3 | سۈرە ئەئراف | 7 | المص |
| 4 | سۈرە يۇنۇس | 10 | الر |
| 5 | سۈرە ھۇد | 11 | الر |
| 6 | سۈرە يۇسۇف | 12 | الر |
| 7 | سۈرە رەئدە | 13 | المر |
| 8 | سۈرە ئىبراھىم | 14 | الر |
| 9 | سۈرە ھىجر | 15 | الر |
| 10 | سۈرە مەريەم | 19 | كهيعص |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 11 | سۈرە تاھا | 20 | طه |
| 12 | سۈرە شۇئەرا | 26 | طسم |
| 13 | سۈرە نەمل | 27 | طس |
| 14 | سۈرە قەسەس | 28 | طسم |
| 15 | سۈرە ئەنكەبۇت | 29 | الم |
| 16 | سۈرە رۇم | 30 | الم |
| 17 | سۈرە لوقمان | 31 | الم |
| 18 | سۈرە سەجدە | 32 | الم |
| 19 | سۈرە ياسىن | 36 | يس |
| 20 | سۈرە ساد | 38 | ص |
| 21 | سۈرە غافىر | 40 | حم |
| 22 | سۈرە فۇسسىلەت | 41 | حم |
| 23 | سۈرە شۇرا | 42 | حم عسق |
| 24 | سۈرە زۇخرۇف | 43 | حم |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| 25 | سۈرە دۇخان | 44 | حم |
| 26 | سۈرە جاسىيە | 45 | حم |
| 27 | سۈرە ئەھقاب | 46 | حم |
| 28 | سۈرە قاف | 50 | ق |
| 29 | سۈرە نۇن | 68 | ن |

# 23 ـ دەرس: قۇرئاندىكى سەجدە ئايەتلىرى

## «أيات السجدة»

قۇرئان كەرىمدە جەمئىي 14 ئورۇندا سەجدە ئايىتى بولۇپ، ئوسمانىيە نۇسخىسىدىكى قۇرئاندا سەجدە ئايىتى ئاخىرىغا قويۇلغان «۩» بەلگىسى بىلەن ئىشارەت قىلىنىغان، مەزكۇر سەجدە ئايىتىنى ناماز ئىچى ياكى ناماز سىرتىدا ئوقۇغاندا، قىرائەت قىلغان ياكى ئاڭلىغان كىشىلەرگە خۇددى ناماز سەجدىسىگە ئوخشاش سەجدە قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ.

قۇرئان كەرىمدىكى سەجدە ئايەتلىرى

| ئايەت | ئورنى | № |
|---|---|---|
| إِنَّ الَّذِينَ عِندَ رَبِّكَ لَا يَسْتَكْبِرُونَ عَنْ عِبَادَتِهِ وَيُسَبِّحُونَهُ وَلَهُ يَسْجُدُونَ ۩ | 7 ـ سۈرە 206 ـ ئايەت | 1 |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



| | | |
|---|---|---|
| 2 | 13 ـ سۈرە 15 ـ ئايەت | وَلِلّهِ يَسْجُدُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الأَرْضِ مِن دَآبَّةٍ وَالْمَلآئِكَةُ وَهُمْ لاَ يَسْتَكْبِرُونَ وَلِلّهِ يَسْجُدُ مَن فِي السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ طَوْعًا وَكَرْهًا وَظِلالُهُم بِالْغُدُوِّ وَالآصَالِ ۩ |
| 3 | 16 ـ سۈرە 49 ـ ئايەت | وَلِلّهِ يَسْجُدُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الأَرْضِ مِن دَآبَّةٍ وَالْمَلآئِكَةُ وَهُمْ لاَ يَسْتَكْبِرُونَ يَخَافُونَ رَبَّهُم مِّن فَوْقِهِمْ وَيَفْعَلُونَ مَا يُؤْمَرُونَ ۩ |
| 4 | 17 ـ سۈرە 107 ـ ئايەت | قُلْ آمِنُواْ بِهِ أَوْ لاَ تُؤْمِنُواْ إِنَّ الَّذِينَ أُوتُواْ الْعِلْمَ مِن قَبْلِهِ إِذَا يُتْلَى عَلَيْهِمْ يَخِرُّونَ لِلأَذْقَانِ سُجَّدًا وَيَقُولُونَ سُبْحَانَ رَبِّنَا إِن كَانَ وَعْدُ رَبِّنَا لَمَفْعُولاً وَيَخِرُّونَ لِلأَذْقَانِ يَبْكُونَ وَيَزِيدُهُمْ خُشُوعًا ۩ |
| 5 | 19 ـ سۈرە 58 ـ ئايەت | أُوْلَئِكَ الَّذِينَ أَنْعَمَ اللّهُ عَلَيْهِم مِّنَ النَّبِيِّينَ مِن ذُرِّيَّةِ آدَمَ وَمِمَّنْ حَمَلْنَا مَعَ نُوحٍ وَمِن ذُرِّيَّةِ إِبْرَاهِيمَ |

| | | |
|---|---|---|
| وَإِسْرَائِيلَ وَمِمَّنْ هَدَيْنَا وَاجْتَبَيْنَا إِذَا تُتْلَى عَلَيْهِمْ آيَاتُ الرَّحْمَن خَرُّوا سُجَّدًا وَبُكِيًّا ۩ | | |
| أَلَمْ تَرَ أَنَّ اللَّهَ يَسْجُدُ لَهُ مَن فِي السَّمَاوَاتِ وَمَن فِي الْأَرْضِ وَالشَّمْسُ وَالْقَمَرُ وَالنُّجُومُ وَالْجِبَالُ وَالشَّجَرُ وَالدَّوَابُّ وَكَثِيرٌ مِّنَ النَّاسِ وَكَثِيرٌ حَقَّ عَلَيْهِ الْعَذَابُ وَمَن يُهِنِ اللَّهُ فَمَا لَهُ مِن مُّكْرِمٍ إِنَّ اللَّهَ يَفْعَلُ مَا يَشَاءُ ۩ | 22 ـ سۈرە 18 ـ ئايەت | 6 |
| وَإِذَا قِيلَ لَهُمُ اسْجُدُوا لِلرَّحْمَنِ قَالُوا وَمَا الرَّحْمَنُ أَنَسْجُدُ لِمَا تَأْمُرُنَا وَزَادَهُمْ نُفُورًا ۩ | 25 ـ سۈرە 60 ـ ئايەت | 7 |
| أَلَّا يَسْجُدُوا لِلَّهِ الَّذِي يُخْرِجُ الْخَبْءَ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَيَعْلَمُ مَا تُخْفُونَ وَمَا تُعْلِنُونَ اللَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ رَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ ۩ | 27 ـ سۈرە 25 ـ ئايەت | 8 |
| إِنَّمَا يُؤْمِنُ بِآيَاتِنَا الَّذِينَ إِذَا ذُكِّرُوا بِهَا خَرُّوا سُجَّدًا وَسَبَّحُوا بِحَمْدِ رَبِّهِمْ وَهُمْ لَا يَسْتَكْبِرُونَ ۩ | 32 ـ سۈرە 15 ـ ئايەت | 9 |

| | | |
|---|---|---|
| 10 | 38 ـ سۈرە 24 ـ ئايەت | قَالَ لَقَدْ ظَلَمَكَ بِسُؤَالِ نَعْجَتِكَ إِلَى نِعَاجِهِ وَإِنَّ كَثِيرًا مِّنَ الْخُلَطَاءِ لَيَبْغِي بَعْضُهُمْ عَلَى بَعْضٍ إِلَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ وَقَلِيلٌ مَّا هُمْ وَظَنَّ دَاوُدُ أَنَّمَا فَتَنَّاهُ فَاسْتَغْفَرَ رَبَّهُ وَخَرَّ رَاكِعًا وَأَنَابَ ۩ |
| 11 | 41 ـ سۈرە 37 ـ ئايەت | فَإِنِ اسْتَكْبَرُوا فَالَّذِينَ عِندَ رَبِّكَ يُسَبِّحُونَ لَهُ بِاللَّيْلِ وَالنَّهَارِ وَهُمْ لَا يَسْأَمُونَ ۩ |
| 12 | 53 ـ سۈرە 62 ـ ئايەت | فَاسْجُدُوا لِلَّهِ وَاعْبُدُوا ۩ |
| 13 | 84 ـ سۈرە 21 ـ ئايەت | وَإِذَا قُرِئَ عَلَيْهِمُ الْقُرْآنُ لَا يَسْجُدُونَ ۩ |
| 14 | 96 ـ سۈرە 19 ـ ئايەت | كَلَّا لَا تُطِعْهُ وَاسْجُدْ وَاقْتَرِبْ ۩ |

# 24 ـ دەرس: ئىستىئازە، بەسمەلە ۋە قىرائەت ئۇسۇللىرى «أحكام الإستعاذة و البسملة والتلاوة»

1 . « الإستعاذة » سۆزى ، «أعوذ بالله من الشيطان الرجيم» نىڭ قىسقارتىپ ئاتىلىشى. «البسملة» سۆزى بولسا «بسم الله الرحمن الرحيم» نىڭ قىسقارتىپ ئاتىلىشى بولۇپ، ئومۇمەن قىرائەتنى «الإستعاذة» بىلەن باشلاش مۇستەھەب، «البسملة» بىلەن باشلاش سۈننەت ئەمەل ھېساپلىنىدۇ.

(1) سۈرە ياكى ئايەت بېشىدا ئىستىئازە ئوقۇشنىڭ تۆت خىل ئۇسۇلى بار.

① ئىستىئازەنى ئوقۇپ توختاپ، يەنە بەسمەلەنى ئوقۇپ توختىغاندىن كېيىن، سۈرە ياكى ئايەت بېشىدىن باشلاپ ئوقۇش ئۇسۇلى. مەسىلەن: «أعوذ بالله من الشيطان الرجيم * بسم الله الرحمن الرحيم * قل هو الله أحد » .

② ئىستىئازەنى ئوقۇپ بولۇپ توختىغاندىن كېيىن، بەسمەلەنى سۈرە ياكى ئايەتكە ئۇلاپ ئوقۇش ئۇسۇلى. مەسىلەن: «أعوذ بالله من الشيطان الرجيم * بسم الله الرحمن الرحيم قل هو الله أحد » .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



③ ئىستىئازە بىلەن بەسمەلەنى بىر-بىرىگە ئۇلاپ ئوقىغاندىن كېيىن، سۈرە ياكى ئايەتنى باشلاپ ئوقۇش ئۇسۇلى. مەسىلەن: «أعوذ بالله من الشيطان الرجيم بسم الله الرحمن الرحيم * قل هو الله أحد».

④ ئىستىئازە، بەسمەلە ۋە سۈرىنى بىر-بىرىگە ئۇلاپ ئوقۇش ئۇسۇلى. مەسىلەن: «أعوذ بالله من الشيطان الرجيم بسم الله الرحمن الرحيم قل هو الله أحد».

(2) بەسمەلە ئوقۇشنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل ئۇسۇلى بار.

① بەسمەلەنى ئالدىدىكى ۋە كەينىدىكى ئايەتتىن ئايرىپ ئوقۇش ئۇسۇلى. مەسىلەن: «فحدث * بسم الله الرحمن الرحيم * ألم نشرح لك صدرك».

② بەسمەلەنى ئالدىدىكى ۋە كەينىدىكى ئايەتكە ئۇلاپ ئوقۇش ئۇسۇلى. مەسىلەن: «فحدث بسم الله الرحمن الرحيم ألم نشرح لك صدرك».

③ بەسمەلەنى ئالدىنقى سۈرىنىڭ ئاخىرقى ئايىتىدىن ئايرىپ ئوقۇش ئۇسۇلى. مەسىلەن: «فحدث * بسم الله الرحمن الرحيم ألم نشرح لك صدرك».

2. قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنىڭ بىر قانچە خىل تەرتىپ-ئۇسۇللىرى بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) ئالـدىرىماي ئوقـۇش «الترتيل»: بـۇ سـۆزنىڭ مەنىسـى «رەتلـىك، چىرايلىـق تەلەپپـۇز قىلىـش» دېگەنلىك بولۇپ، ئاتالغۇلۇق مەنىسى قۇرئاننى ھەر بىر ھەرپنـى ئۆزىنىـڭ چىقىـش ئورنىـدىن چىقىرىـپ، سـۈپەتلىرىگە رىئـايە قىلغـان ئاساسـتا ئالـدىرىماي، تەمكىنلىك بىلەن ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ.

(2) ئىنىق ئوقۇش «التحقيق»: بۇ سـۆزنىڭ مەنىسى «تەكشـۈرۈش، ئەمەلىيلەشـتۈرۈش» دېگەنلـىك بولـۇپ، ئاتـالغۇلۇق مەنىسـى قۇرئـاننى باشـقىلارغا ئـۆگىتىش مەقسىتىدە تىنىمۇ سالماق، ئالدىرىماي، ناھايىتى تەمكىن ھالدا ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ.

(3) تېـز سـۈرئەتتە ئوقـۇش «الحدر»: بـۇ سـۆزنىڭ لـۇغەت مەنىسـى «پەسـلەش، تـۆۋەنلەش» دېگەنلـىك بولۇپ، ئاتالغۇلۇق مەنىسى قۇرئاننى تەجۋىد قائىدىلىرىگە رىئايە قىلغان ئاساستا تېز ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ.

(4) نورمال سۈرئەتتە ئوقۇش «التدوير»: بۇ سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى «ئايلاندۇرۇش، چۆرگىلىتىش» دېگەنلىك بولۇپ، ئاتالغۇلۇق مەنىسى قۇرئـاننى ئالـدىرىماي ئوقـۇش بىـلەن تېـز سـۈرئەتتە ئوقـۇش ئۇسـۇلىنىڭ ئوتتۇرىـدا ئوتتۇراھال تېزلىكتە ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ.

# 25 ـ دەرس: قىرائەتنى باشلاشنىڭ بىر قانچە تۈرى «أنواع الإبتداء في التلاوة»

قىرائەتنى باشلاش يوللۇق باشلاش ۋە يولسىز باشلاشتىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

1. يوللۇق باشلاش: «الله» ئىرادە قىلغان مەنانى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىدىغان مۇستەقىل جۈملىلەردە توختاشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ، قُلْ هُوَ اللّٰهُ أَحَدٌ» دەپ باشلىغاندەك.

2. يولسىز باشلاش: «الله» ئىرادە قىلغان مەنانى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان جۈملىلەردە توختاشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «الله» تەئالانىڭ «وَقَالُوا اتَّخَذَ اللّٰهُ وَلَدًا» دېگەن سۆزىنى «اتَّخَذَ اللّٰهُ وَلَدًا» دەپ باشلاپ كەتكەندەك ۋە يەنە «الله» نىڭ «وَقَالَتِ الْيَهُودُ يَدُ اللّٰهِ مَغْلُولَةٌ» دېگەن سۆزىنى «يَدُ اللّٰهِ مَغْلُولَةٌ» دەپ باشلاپ كەتكەندەك.

# 26 ـ دەرس: توختاشنىڭ بايانى

## «بيان الوقف»

توختاش دېگىنىمىز: قۇرئان ئوقۇغاندا مەلۇم بىر سۆزدىن كېيىن نەپەسنى ئۈزۈپ، بىردەم قىرائەتتىن توختاشنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇ زۆرۈر توختاش «الوقف الاضطراري» ۋە ئەركىن توختاش « الوقف الاختياري» دىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1. زۆرۈر توختاش«الوقف الاضطراري» : قۇرئان ئوقۇۋېتىپ نەپەس يېتىشمەسلىك، ئۇنتۇپ قېلىش، تىلى كالۋالىشىش سەۋەبىدىن قىرائەتتىن مەجبۇري توختاشنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر توختىغان جايدا مەزمۇن تولۇق ئاخىرلاشمىغان بولسا، مەزمۇن باشلانغان جايدىن باشلاپ ئوقۇيدۇ.

2. ئەركىن توختاش «الوقف الاختياري» : قىرائەت قىلغۇچى ئۆزى خالىغان جايدا ئىختىيارىي توختاپ ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۇ خىل توختاش زۆرۈر توختاش «الوقف اللازم»، يوللۇق توختاش «الوقف الجائز»، يولسىز توختاش «الوقف الممنوع»، تاللاپ توختاش «وقف التعانق»تىن ئىبارەت تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

(1) زۆرۈر توختاش «الوقف اللازم»: جۈملە قۇرۇلمىسى ۋە مەزمۇن جەھەتتە ئۈزۈلگەن بۆلەكنى ئاخىرقى بۆلەككە ئۇلاپلا ئوقۇغاندا، ئاڭلىغۇچىغا خاتا مەنا بېرىپ قويىدىغان ئەھۋال ئاستىدا توختاپ، ئۈزۈپ ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ، بۇنداق جايلارغا قۇرئاندا «مـ» ئارقىلىق ئىشارەت قىلىنغان. مەسىلەن: «إِنَّمَا يَسْتَجِيبُ الَّذِينَ يَسْمَعُونَ ۘ وَالْمَوْتَىٰ يَبْعَثُهُمُ اللَّهُ ثُمَّ إِلَيْهِ يُرْجَعُونَ»، بۇ ئايەتتىكى «يَسْمَعُونَ» دېگەن جايدا تولۇق نەپەس بىلەن توختاپ ئاخىرقى جۈملىنى ئايرىم ھالەتتە ئوقۇش زۆرۈر.

(2) يوللۇق توختاش «الوقف الجائز» ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ.

① تولۇق توختاش «الوقف التام»: مەزمۇن تولۇق ئاخىرلاشقان جۈملە ياكى مەزمۇن جەھەتتە ئۆزىدىن كېيىنكى سۆز-جۈملىلەر بىلەن ئالاقىسى بولسىمۇ، لېكىن توختىماي كېيىنكى سۆز-جۈملىلەرگە قوشۇلۇپ ئوقۇلسا مەزمۇن ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان بىر كەلىمىدە توختاشنى كۆرسىتىدۇ، ئادەتتە بۇ خىل توختاش كۆپىنچە

ئايەتلەرنىڭ بىشى ۋە جۈملە ئاياغلاشقاندا ھەمدە بىرەر مەزمۇن ئاياغلاشقاندا بولىدۇ. مەسىلەن: «وَأُوْلَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ» دېگەن ئايەتتىكى «الْمُفْلِحُونَ» دا توختىغاندەك.

② يېتەرلىك توختاش «الوقف الكافى»: مەزمۇنى ئاياغلاشقان، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى سۆز-جۈملىلەر بىلەن جۈملە قۇرۇلمىسى جەھەتتىن ئەمەس، بەلكى مەزمۇن جەھەتتىن مۇئەييەن ئالاقىسى بولغان بىر سۆزدە توختاشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاخىرقى قىسىمدا توختاپ، ئايرىم ئوقۇش ياخشى دەپ قارىلىدۇ، مەسىلەن: سۈرە بەقەرەنىڭ «وَمِنَ النَّاسِ مَن يَقُولُ آمَنَّا بِاللّهِ وَبِالْيَوْمِ الآخِرِ وَمَا هُم بِمُؤْمِنِينَ» ئايىتىدە، «فِي قُلُوبِهِم مَّرَضٌ فَزَادَهُمُ اللّهُ مَرَضاً وَلَهُم عَذَابٌ أَلِيمٌ بِمَا كَانُوا يَكْذِبُونَ، وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ لاَ تُفْسِدُواْ فِي الأَرْضِ قَالُواْ إِنَّمَا نَحْنُ مُصْلِحُونَ» قاتارلىق جايلاردا توختاپ ئوقۇغانغا ئوخشاش.

③ چىرايلىق توختاش «الوقف الحسن»: مەزمۇنى ئاياغلاشمىغان، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى سۆز-جۈملىلەر بىلەن جۈملە قۇرۇلمىسى جەھەتتىن ۋە مەزمۇن جەھەتتىن مۇئەييەن ئالاقىسى بولغان بىر سۆزدە توختاشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل توختاشتا توختىغان جاي تولۇق بىر ئايەتنىڭ بىشى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، مەزمۇن باشلانغان جايدىن باشلاپ داۋام قىلماي، كەلگەن جايدىن داۋام قىلىش ياخشى بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەسىلەن: «اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ» دېگەن ئايەتتىكى «اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ» دېگەن جۈملىدە توختىسا، بېشىغا يېنىپ ئوقۇلىدۇ، ئەكسىچە «رَبِّ الْعَالَمِينَ» دىن باشلاپ ئوقۇش ياخشى ئەمەس. ئەگەر تولۇق بىر ئايەت ئاخىرلاشقان ئەھۋالدا توختىغان جاي كېيىنكى سۆز-جۈملىلەر بىلەن قۇرۇلما جەھەتتىن ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ئالاقىسى بولسىمۇ، كەلگەن جايدىن داۋام قىلىدۇ. مەسىلەن: «اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ» دېگەن ئايەت گەرچە كېيىنكى ئايەت بىلەن جۈملە قۇرۇلمىسى ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ئالاقىسى بولسىمۇ، لېكىن كەلگەن جايدىن يەنى «الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ» دىن باشلاپ ئوقۇلىدۇ.

(3) يولسىز توختاش «الوقف الممنوع»: جۈملە قۇرۇلمىسى ۋە مەزمۇنى جەھەتتە ئۆزىدىن كېيىنكى سۆز-جۈملىلەر بىلەن ئالاقىسى بولغان، ئۇلاردىن ئايرىلسا تولۇق مەنا ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان سۆزدە توختاشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل توختاش ئىگىنى خەۋەردىن، پېئىلنى پائىلىدىن، شەرتنى جاۋابىدىن ئايرىۋېتىش قاتارلىق ئەھۋاللاردا يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن: «اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ» دېگەن ئايەتتە «اَلْحَمْدُ» دېگەن سۆزدە توختىغاندەك، «قَالَ مُحَمَّدٌ رَسُولُ اللّٰهِ» دېگەن جۈملىدە «مُحَمَّدٌ» سۆزىدە توختىغاندەك. ئەگەر قۇرئان ئوقۇغۇچى يۇقىرىقىدەك توختاش دۇرۇس بولمىغان جايلاردا بىلىپ

تۇرۇپ قەستەن توختاش ئارقىلىق ئايەتنىڭ مەنىسى ئۆزگەرسە، ئېغىر گۇناھكار بولىدۇ. مەسىلەن: «إِنَّ اللّٰهَ لاَ يَهْدِي ، إِنَّ اللّٰهَ لاَيَسْتَحْيِي ، يُدْخِلُ مَن يَشَاء فِي رَحْمَتِهِ وَالظَّالِمُونَ ، يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تَقْرَبُواْ الصَّلاَةَ» قاتارلىق ئايەتلەردە توختاپ ئوقۇش قەتئىي دۇرۇس بولمايدۇ.

(4) تاللاپ توختاش «وقف التعانق»: بۇ خىل توختاش ئىككى دانە ئوخشاش توختاش بەلگىسىگە يولۇققاندا، ئىختىيارى ھالەتتە بىر جايىنى تاللاپ توختاشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل توختاشتا بىر قېتىم توختىغاندا يەنە بىر قېتىم توختاشقا بولمايدۇ، مەسىلەن: «ذلك الكتاب لا ريب فيه هدى للمتقين».

www.uyghurkitap.com



# 27 ـ دەرس: توختاش بەلگىلىرى «علامات الوقف»

(1) «ۘ»: توختاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «فَلَا يَحْزُنْكَ قَوْلُهُمْ ۘ إِنَّا نَعْلَمُ مَا يُسِرُّوْنَ وَمَا يُعْلِنُوْنَ».

(2) «ۙ»: توختاشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن: «قُلِ اللهُ يُفْتِيْكُمْ فِيْهِنَّ ۙ وَمَا يُتْلٰى عَلَيْكُمْ فِى الْكِتٰبِ فِىْ يَتٰمَى النِّسَآءِ الّٰتِىْ لَا تُؤْتُوْنَهُنَّ مَا كُتِبَ لَهُنَّ وَتَرْغَبُوْنَ اَنْ تَنْكِحُوْهُنَّ وَالْمُسْتَضْعَفِيْنَ مِنَ الْوِلْدَانِ ۙ وَاَنْ تَقُوْمُوْا لِلْيَتٰمٰى بِالْقِسْطِ».

(3) «ۚ»: توختاشقا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن: «فَقَالَ اِنِّىْٓ اَحْبَبْتُ حُبَّ الْخَيْرِ عَنْ ذِكْرِ رَبِّىْ ۚ حَتّٰى تَوَارَتْ بِالْحِجَابِ».

(4) «ۖ»: توختاش دۇرۇس بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاپ ئوقۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن: «كَلَّا ۖ بَلْ لَّا تُكْرِمُون اليتيم».

(5) «ۛ»: تاللاپ توختاش بەلگىسى بولۇپ، ئالدىنقىسىدا توختىغاندا، كېيىنكىسىدە توختاشقا بولمايدۇ، مەسىلەن: «ذٰلِكَ الْكِتٰبُ لَا رَيْبَ ۛ فِيْهِ ۛ هُدًى لِّلْمُتَّقِيْنَ».

(6) « ۖ »: ئۇلاپ ئوقۇش دۇرۇس، لېكىن توختاشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «وَ اِذَا قِيْلَ لَهُمْ اٰمِنُوْا كَمَآ اٰمَنَ النَّاسُ قَالُوْٓا اَنُؤْمِنُ كَمَآ اٰمَنَ السُّفَهَآءُ ۖ اَلَآ اِنَّهُمْ هُمُ السُّفَهَآءُ وَلٰكِنْ لَّا يَعْلَمُوْنَ».

(7) « ۗ »: توختاشنىڭ ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، مەسىلەن: « وَاِذْ اَخَذْنَا مِيْثَاقَكُمْ وَرَفَعْنَا فَوْقَكُمُ الطُّوْرَ ۗ خُذُوْا مَآ اٰتَيْنٰكُمْ بِقُوَّةٍ وَّاذْكُرُوْا مَا فِيْهِ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُوْنَ».

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# 28 ـ دەرس: تىنىقسىز توختاش «بيان السكت»

تىنىقسىز توختاش: سۆز ئاخىرىدىكى ھەرپنى نەپەس ئالمىغان ھالەتتە ئادەتتىكىدىن ئىككى ھەسسە ئاشۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىپ توختاشنى كۆرسىتىدۇ، بۇ خىل تەلەپپۇز قائىدىسى كىچىك «س» ھەرپى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. قۇرئان كەرىمدە تىنىقسىز توختاپ ئوقۇلىدىغان تۆت ئورۇن بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) سۈرە «كەھف» نىڭ 1 ـ، 2 ـ ئايىتى: «وَلَمْ يَجْعَلْ لَّهُ عِوَجًا ۜ قَيِّمًا لِّيُنْذِرَ بَأْسًا شَدِيْدًا».

(2) «سۈرە ياسىن» نىڭ 52 ـ ئايىتى:

«قَالُوْا يٰوَيْلَنَا مَنْ بَعَثَنَا مِنْ مَّرْقَدِنَا ۜ هٰذَا مَا وَعَدَ الرَّحْمٰنُ وَصَدَقَ الْمُرْسَلُوْنَ».

(3) «سۈرە قىيامەت» نىڭ 27 ـ ئايىتى: «وَقِيْلَ مَنْ ۜ رَاقٍ».

(4) «سۈرە مۇتەففىفىن» نىڭ 14 ـ ئايىتى:

«كَلَّا بَلْ ۜ رَانَ عَلٰى قُلُوْبِهِمْ مَّا كَانُوْا يَكْسِبُوْنَ».

# 29 ـ دەرس: قۇرئاندىكى مۇھىم بەلگىلەر

## «العلامات المهمة فى القران»

(1) « ۟ »: ئىللەتلىك ھەرپلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدىغان شارسىمان بەلگە بولۇپ، بۇ بەلگە قويۇلغان ھەرپ كەلىمە ئىچىدىكى تەلەپپۇز قىلىنمايدىغان زىيادە ھەرپ دەپ قارىلىپ، قىرائەتتىن توختالغان ۋە قىرائەتنى داۋاملاشتۇرغان ئەھۋالدىمۇ ئوخشاشلا تەلەپپۇز قىلىنمايدۇ، مەسىلەن: «أُوْلَٰٓئِكَ، مِن نَّبَإِيْ الْمُرْسلين» .

(2) « ۠ »: ئۆزى قويۇلغان ھەرپنىڭ ساكىنلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن: «أَنَا۠ خَيْرٌ مِّنْهُ» .

(3) «ۢ»: تەنۋىن «ب» گە يولۇققاندا شەكىللىنىدىغان«ن» تاۋۇشىنىڭ «م» غا ئۆزگىرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «إِنَّهُ عَلِيمٌۢ بِذَاتِ الصُّدُوْرِ» .

(4) قوش زەبەر «ًّ»، قوش زىر«ٍّ»، قوش پەش «ٌّ» قاتارلىقلار ئۆزىدىن ھاسىل بولغان «ن» تاۋۇشىنىڭ ئوچۇق تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقىنى

كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن: «سَمِيعٌ عَلِيمٌ، وَلا شَرَابًا إِلا».

(5) يۇقىرىقى ئۈچ جۈپ نۇنلاشقان تاۋۇش بەلگىلىرىدىن كېيىن شەددىلىك ھەرپ كەلگەن ئەھۋالدا «ن» تاۋۇشى تەلەپپۇز قىلىنماستىن، بىرىبىرىگە تولۇق ئىدغام قىلىنىپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: «خُشُبٌ مُّسَنَّدَةٌ، وُجُوهٌ يَّوْمَئِذٍ نَّاعِمَةٌ».

(6) «ے، ن، و، ا» قاتارلىق بەزى ھەرپلەرنىڭ ئاستى-ئۈستىگە يېزىلغان كىچىك ھەرپلەر تەلەپپۇز قىلىنىشى زۆرۈر بولغان ئەسلىي ھەرپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن: «إِۦلَٰفِهِمْ رِحْلَةَ الشِّتَآءِ وَالصَّيْفِ، وَكَذَٰلِكَ نُـۨجِي الْمُؤْمِنِيْنَ، وَإِنَّ مِنْهُمْ لَفَرِيْقًا يَّلْوُۥنَ أَلْسِنَتَهُمْ بِالْكِتَٰبِ لِتَحْسَبُوْهُ مِنَ الْكِتَٰبِ وَمَا هُوَ مِنَ الْكِتَٰبِ».

(7) ھەرپلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان مەد «ٓ» بەلگىسى: مەزكۇر بەلگە بۇ جايدىكى مەدنىڭ لازىملىق مەد ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، مەسىلەن: «سَوَآءٌ».

(8) «۝١» : بىر ئايەتنىڭ تولۇق ئاياغلىشىپ، يېڭى بىر ئايەتنىڭ باشلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن: «اَلْحَمْدُ لِلهِ رَبِّ الْعٰلَمِيْنَ ۝١».

(9) سۆز ئاخىرىدا كەلگەن «۩» : ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئايەتنىڭ سەجدە ئايىتى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن: « وَلِلّٰهِ يَسْجُدُ مَن فِي السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ

طَوْعًا وَكَرْهًا وَظِلَالُهُم بِالْغُدُوِّ وَالْآصَالِ۩» .

(10) «ر» ھەرپىنىڭ ئاستىغا قويۇلىدىغان كىچىك كۋادراتسىمان شەكىل: زەبەرنىڭ زىرغا مايىل قىلىپ ئوقۇلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن: «وَقَالَ ارْكَبُوا فِيْهَا بِسْمِ اللهِ مَجْرٖيهَا وَمُرْسٰيهَا» .

(11) «ص» ھەرپىنىڭ ئۈستىگە كىچىك «سٓ» ھەرپى كەلگەن ئەھۋال ئاستىدا، «س» ھەرپى تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، مەسىلەن: «لَسْتَ عَلَيْهِمْ بِمُصَّيْطِرٍ» .

(12) «۞» : «قۇرئان كەرىم» نىڭ بىر پارىسى « الجزء»، پارە بۆلىكى «الحزب»، «3/4» بۆلىكى «ثلاثة ارباع»، «1/2» بۆلىكى «النصف»، «1/4» بۆلىكى «الربع» قاتارلىقلارنىڭ ئاياغلىشىپ، يەنە بىر بۆلەكنىڭ داۋاملاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: «وَكَثِيْرٌ مِّنْهُمْ سَآءَ مَا يَعْمَلُوْنَ ۞ يٰٓاَيُّهَا الرَّسُوْلُ بَلِّغْ مَآ اُنْزِلَ اِلَيْكَ مِنْ رَّبِّكَ» .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# 30 ـ دەرس: قوللىنىشچان مەشق «التمرين التطبيقي»

ئىلگىرىكى دەرسلەردە تەجۋىد ئىلمىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى بولغان سوزۇلما تەلەپپۇز «المد»، كىرىشتۈرمە تەلەپپۇز «الإدغام»، يوشۇرما تەلەپپۇز «الاخفاء»، چوڭ تەلەپپۇز «التفخيم»، تەۋرەنمە تەلەپپۇز «القلقلة» قاتارلىق مۇھىم قائىدىلەرنى ئۆگىنىپ ئۆتكەن ئىدۇق. بۇ قائىدىلەرنى مۇكەممەل ئۆزلەشتۈرۈشتە ئالاقىدار نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى بىلىشتىن باشقا ئەمەلىي مەشىقلەرنى كۆپلەپ ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

بىز كىتابخانلارنىڭ بۇ خىل ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش، تىرىشچانلىقىنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىدە قوللىنىشچان مەشق قىسمىدا تەجۋىد قائىدىلىرىنى ئايرىم-ئايرىم رەڭ بىلەن كۆرسەتتۇق.

(1) «●» رەڭ بەلگىسى: چوڭ تەلەپپۇز «التفخيم»نى كۆرسىتىدۇ.

(2) «●»رەڭ بەلگىسى: يوشۇرما تەلەپپۇز ۋە دىماغ تەلەپپۇز «الإخفاء والغنة» نى كۆرسىتىدۇ.

(3) «●»رەڭ بەلگىسى: تەۋرەنمە تەلەپپۇز «القلقلة» نى كۆرسىتىدۇ.

(4) «●»رەڭ بەلگىسى: كىرىشتۈرمە تەلەپپۇز «الإدغام» نى كۆرسىتىدۇ.

(5) «●»رەڭ بەلگىسى: ئىككى ھەرىكەت مىقدارى سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان تەبىئىي مەد «المد الطبعي» نى كۆرسىتىدۇ.

(6) «●» رەڭ بەلگىسى: ئالتە ھەرىكەت مىقدارى سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان مەدنى كۆرسىتىدۇ.

(7) «●» رەڭ بەلگىسى: ئىككى ياكى تۆت ياكى ئالتە ھەرىكەت مىقدارى سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان مەدنى كۆرسىتىدۇ.

(8) «●»رەڭ بەلگىسى: تۆت ھەرىكەت ياكى بەش ھەرىكەت مىقداردا سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان مەدنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## سُورَةُ الفَاتِحَة

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ ١

الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ ٢ الرَّحْمَٰنِ

الرَّحِيمِ ٣ مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ ٤

إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ ٥

اهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ ٦ صِرَاطَ

الَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ الْمَغْضُوبِ

عَلَيْهِمْ وَلَا الضَّالِّينَ ٧

## سۈرە فاتىھە

### ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)

ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن [1]. بارلىق ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋىشكارى، (دۇنيادا ھەممىگە شەپقەتلىك، (ئاخىرەتتە مۆمىنلەرگە) مېھرىبان، قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسى ـ ئاللاھقا خاستۇر [2ـ4]. (ئى رەببىمىز!) بىز ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا مەدەت تىلەيمىز [5]. سەن بىزنى ئىنئامىڭغا ئېرىشكەن، غەزىپىڭگە ئۇچرىمىغان، يولۇڭدىن ئازمىغان كىشىلەرنىڭ توغرا يولغا باشلىغىن [6ـ7].

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





## سُورَةُ النَّاسِ

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلنَّاسِ ﴿١﴾ مَلِكِ ٱلنَّاسِ ﴿٢﴾ إِلَٰهِ
ٱلنَّاسِ ﴿٣﴾ مِن شَرِّ ٱلْوَسْوَاسِ ٱلْخَنَّاسِ ﴿٤﴾ ٱلَّذِى
يُوَسْوِسُ فِى صُدُورِ ٱلنَّاسِ ﴿٥﴾
مِنَ ٱلْجِنَّةِ وَٱلنَّاسِ ﴿٦﴾

## سُورَةُ الفَلَقِ

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلْفَلَقِ ﴿١﴾ مِن شَرِّ مَا خَلَقَ ﴿٢﴾ وَمِن
شَرِّ غَاسِقٍ إِذَا وَقَبَ ﴿٣﴾ وَمِن شَرِّ ٱلنَّفَّٰثَٰتِ فِى
ٱلْعُقَدِ ﴿٤﴾ وَمِن شَرِّ حَاسِدٍ إِذَا حَسَدَ ﴿٥﴾

## سُورَةُ الإِخْلَاصِ

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

قُلْ هُوَ ٱللَّهُ أَحَدٌ ﴿١﴾ ٱللَّهُ ٱلصَّمَدُ ﴿٢﴾ لَمْ يَلِدْ
وَلَمْ يُولَدْ ﴿٣﴾ وَلَمْ يَكُن لَّهُۥ كُفُوًا أَحَدٌۢ ﴿٤﴾

مد ٦ حركات لزوماً · مد ٢ أو ٤ أو ٦ جوازاً · مد واجب ٤ أو ٥ حركات · مد حركتان · إخفاء ومواقع الغنة (حركتان) · إدغام، وما لا يُلفظ · تفخيم الراء · قلقلة

## سۈرە ناس

ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)

*(ئى مۇھەممەد! سەن ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ)* «ئىنسانلارنىڭ پەرۋىشكارى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى بولغان ئاللاھقا سېغىنىپ، كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا بەزىدە ۋەسۋەسە قىلىپ، بەزىدە يوشۇرۇنۇۋالىدىغان جىن ـ شەيتاننىڭ ۋە ئادىمي شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېگىن [1ـ6].

## سۈرە فەلەق

ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)

*(ئى مۇھەممەد! سەن ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ)* «بارلىق مەخلۇقاتنىڭ يامانلىقىدىن، قاراڭغۇلۇقتا چۆمگەن كېچىدىكى يامانلىقتىن، چىگىكلەرگە دەم سالىدىغان سېھرىگەرلەرنىڭ يامانلىقىدىن، ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى يامانلىقىدىن تاڭ نۇرىنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن» دېگىن [1ـ5].

## سۈرە ئىخلاس

ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)

*(ئى مۇھەممەد! سەن مۇشرىكلارغا)* ئېيتقىنكى، *(مەن ئىبادەت قىلىدىغان ھەم سىلەرنى ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىۋاتقان)* ئۇ ئاللاھ يەككە ـ يېگانىدۇر [1]. ئاللاھ ھېچقانداق مەخلۇققا موھتاج ئەمەس، ھەممە مەخلۇقات ئاللاھقا مۇھتاجدۇر [2]. *(مەخلۇقاتلارغا خاس سۈپەتلەردىن پاك)* ئاللاھ بالىلىق بولغانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس [3]. ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ [4].

## سُورَةُ المَسَدِ

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

تَبَّتْ يَدَآ أَبِي لَهَبٍ وَتَبَّ ﴿١﴾ مَآ أَغْنَىٰ عَنْهُ مَالُهُۥ وَمَا
كَسَبَ ﴿٢﴾ سَيَصْلَىٰ نَارًا ذَاتَ لَهَبٍ ﴿٣﴾ وَٱمْرَأَتُهُۥ
حَمَّالَةَ ٱلْحَطَبِ ﴿٤﴾ فِي جِيدِهَا حَبْلٌ مِّن مَّسَدٍۭ ﴿٥﴾

## سُورَةُ النَّصْرِ

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

إِذَا جَآءَ نَصْرُ ٱللَّهِ وَٱلْفَتْحُ ﴿١﴾ وَرَأَيْتَ ٱلنَّاسَ
يَدْخُلُونَ فِي دِينِ ٱللَّهِ أَفْوَاجًا ﴿٢﴾ فَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ
وَٱسْتَغْفِرْهُ إِنَّهُۥ كَانَ تَوَّابًۢا ﴿٣﴾

## سُورَةُ الكَافِرُونَ

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

قُلْ يَٰٓأَيُّهَا ٱلْكَٰفِرُونَ ﴿١﴾ لَآ أَعْبُدُ مَا تَعْبُدُونَ ﴿٢﴾
وَلَآ أَنتُمْ عَٰبِدُونَ مَآ أَعْبُدُ ﴿٣﴾ وَلَآ أَنَا۠ عَابِدٌ مَّا عَبَدتُّمْ ﴿٤﴾
وَلَآ أَنتُمْ عَٰبِدُونَ مَآ أَعْبُدُ ﴿٥﴾ لَكُمْ دِينُكُمْ وَلِيَ دِينِ ﴿٦﴾

مد ٦ حركات لزوماً — مد ٢ أو ٤ أو ٦ جوازاً — مد واجب ٤ أو ٥ حركات — مد حركتان — إخفاء، ومواقع الغنة (حركتان) — إدغام، وما لا يلفظ — تفخيم الراء — قلقلة



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## سۈرە مەسەد

ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)
ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن!
*(ئەمەلىيەتتە)* قۇرۇپ كەتتى [1]. ئۇنىڭغا مال ـ مۈلكى ۋە
ئېرىشكەن نەرسىلىرى *(بالىلىرى)* ئەسقاتمىدى [2]. ئۇ
ئۇزاققا قالماي لاۋۇلداپ تۇرغان دوزاخ ئوتىغا كىرىدۇ [3].
ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ مەھكەم ئېشىلگەن ئارغامچا بىلەن
ئوتۇننى بوينىغا باغلاپ يۈدۈگەن ھالدا *(لاۋۇلداپ تۇرغان شۇ*
*ئوتقا)* كىرىدۇ [4 ـ 5].

## سۈرە نەسر

ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)
*(ئى مۇھەممەد!)* سەن ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كېلىپ،
كىشىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ دىنىغا توپ ـ توپ بولۇپ كىرگەنلىكىنى
كۆرگەن چېغىڭدا، سەن پەرۋەردىگارىڭنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ
ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن
تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر [1 ـ 3].

## سۈرە كافىرون

ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)
*(ئى مۇھەممەد!)* ئېيتقىنكى، «ئى كافىرلار! [1] سىلەر چوقۇنۇۋاتقان
بۇتلارغا مەن چوقۇنمايۋاتىمەن[2]. سىلەرمۇ مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان
ئاللاھقا ئىبادەت قىلمايۋاتىسىلەر [3]. *(بۇنىڭدىن كېيىنمۇ)* سىلەر
چوقۇنغان بۇتلارغا مەن چوقۇنمايمەن [4]. سىلەرمۇ مەن ئىبادەت قىلغان
ئاللاھقا ئىبادەت قىلمايسىلەر [5]. سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈن،
مېنىڭ دىنىممۇ ئۆزۈم ئۈچۈن» [6].

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com





## سُورَةُ الكَوْثَرِ

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

إِنَّآ أَعْطَيْنَٰكَ ٱلْكَوْثَرَ ١ فَصَلِّ لِرَبِّكَ وَٱنْحَرْ ٢
إِنَّ شَانِئَكَ هُوَ ٱلْأَبْتَرُ ٣

## سُورَةُ المَاعُونِ

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

أَرَءَيْتَ ٱلَّذِى يُكَذِّبُ بِٱلدِّينِ ١ فَذَٰلِكَ ٱلَّذِى
يَدُعُّ ٱلْيَتِيمَ ٢ وَلَا يَحُضُّ عَلَىٰ طَعَامِ ٱلْمِسْكِينِ ٣
فَوَيْلٌ لِّلْمُصَلِّينَ ٤ ٱلَّذِينَ هُمْ عَن صَلَاتِهِمْ سَاهُونَ
٥ ٱلَّذِينَ هُمْ يُرَآءُونَ ٦ وَيَمْنَعُونَ ٱلْمَاعُونَ ٧

## سُورَةُ قُرَيْشٍ

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

لِإِيلَٰفِ قُرَيْشٍ ١ إِۦلَٰفِهِمْ رِحْلَةَ ٱلشِّتَآءِ وَٱلصَّيْفِ
٢ فَلْيَعْبُدُوا۟ رَبَّ هَٰذَا ٱلْبَيْتِ ٣ ٱلَّذِىٓ أَطْعَمَهُم
مِّن جُوعٍ وَءَامَنَهُم مِّنْ خَوْفٍۭ ٤

مد ٦ حركات لزوما — مد ٢ أو ٤ أو ٦ جوازا — مد واجب ٤ أو ٥ حركات — مد حركتان — إخفاء ومواقع الغنة (حركتان) — إدغام، وما لا يلفظ — تفخيم الراء — قلقلة

## سۈرە كەۋسەر

ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)

*(ئى مۇھەممەد!)* بىز ساڭا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدۇق [1]. شۇڭا، سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن [2]. *(مۇھەممەدنىڭ ئوغلى ئۆلۈپ، ئۇنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتتى دەپ)* ساڭا ئۆچمەنلىك قىلغان كىشىلا ھەقىقىي نەسلى قۇرۇپ كېتىدىغان كىشىدۇر[3].

## سۈرە مائۇن

ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)

*(ئى مۇھەممەد! مۇكاپات ۋە جازا بېرىلىدىغان)* قىيامەت كۈنىنى يالغان دېگەن ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟ [1]. ئۇ ئادەم يېتىمنى دۆشكەلەيدىغان، مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىب قىلمايدىغان ئادەمدۇر [2ـ3]. نامازنى بىپەرۋالىق بىلەن ئوقۇيدىغان كىشىلەرنىڭ ھالىغا ۋاي! [4ـ5]. ئۇلار رىياكارلىق قىلىدىغان، نەرسە-كېرەكلىرىنى ئۆتنە-يېرىم قىلمايدىغان كىشىلەردۇر[6ـ7].

## سۈرە قۇرەيش

ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)

قۇرەيشلەر قىشلىق ۋە يازلىق سەپەردە قوغدالغانلىقىغا مىننەتدارلىق بىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئاچارچىلىق ۋاقتىدا ئۇلارنى ئوزۇقلاندۇرغان ۋە خەۋپ-خەتەردىن خاتىرجەم قىلغان بۇ ئۆينىڭ *(كەئبىنىڭ)* پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلسۇن [1ـ4].

كىتاب تورىبېكىتى ئۇيغۇر
www.uyghurkitap.com





## سُورَةُ الفِيلِ

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

أَلَمْ تَرَ كَيْفَ فَعَلَ رَبُّكَ بِأَصْحَٰبِ ٱلْفِيلِ ﴿١﴾ أَلَمْ يَجْعَلْ كَيْدَهُمْ
فِى تَضْلِيلٍ ﴿٢﴾ وَأَرْسَلَ عَلَيْهِمْ طَيْرًا أَبَابِيلَ ﴿٣﴾ تَرْمِيهِم
بِحِجَارَةٍ مِّن سِجِّيلٍ ﴿٤﴾ فَجَعَلَهُمْ كَعَصْفٍ مَّأْكُولٍۭ ﴿٥﴾

## سُورَةُ الهُمَزَةِ

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

وَيْلٌ لِّكُلِّ هُمَزَةٍ لُّمَزَةٍ ﴿١﴾ ٱلَّذِى جَمَعَ مَالًا وَعَدَّدَهُۥ ﴿٢﴾
يَحْسَبُ أَنَّ مَالَهُۥٓ أَخْلَدَهُۥ ﴿٣﴾ كَلَّا ۖ لَيُنۢبَذَنَّ فِى ٱلْحُطَمَةِ ﴿٤﴾
وَمَآ أَدْرَىٰكَ مَا ٱلْحُطَمَةُ ﴿٥﴾ نَارُ ٱللَّهِ ٱلْمُوقَدَةُ ﴿٦﴾ ٱلَّتِى تَطَّلِعُ
عَلَى ٱلْأَفْـِٔدَةِ ﴿٧﴾ إِنَّهَا عَلَيْهِم مُّؤْصَدَةٌ ﴿٨﴾ فِى عَمَدٍ مُّمَدَّدَةٍۭ ﴿٩﴾

## سُورَةُ العَصْرِ

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

وَٱلْعَصْرِ ﴿١﴾ إِنَّ ٱلْإِنسَٰنَ لَفِى خُسْرٍ ﴿٢﴾ إِلَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟
وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَتَوَاصَوْا۟ بِٱلْحَقِّ وَتَوَاصَوْا۟ بِٱلصَّبْرِ ﴿٣﴾

مد ٦ حركات لزوماً — مد ٢ أو ٤ أو ٦ جوازاً — إخفاء، ومواقع الغنة (حركتان) — تفخيم الراء
مد واجب ٤ أو ٥ حركات — مد حركتان — إدغام، وما لا يلفظ — قلقلة

## سۈرە فىل

ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)

*(ئى مۇھەممەد!)* پەرۋەردىگارىڭنىڭ پىللىق قوشۇننى قانداق *(ھالاك)* قىلىۋەتكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ [1]. پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرىنى بەربات قىلمىدىمۇ؟ [2]. پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ساپال تاشلارنى ئاتىدىغان توپ ـ توپ قۇشلارنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى چاينىۋېتىلگەن ساماندەك قىلىۋەتتى [3 ـ 5].

## سۈرە ھۇمەزە

ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)

ھەربىر كەمسىتكۈچى، غەيۋەتخورنىڭ ھالىغا ۋاي! [1]. ئۇ مال ـ مۈلكۈم مېنى مەڭگۈ ھايات قالدۇرىدۇ دەپ ئويلاپ، مال ـ مۈلۈك توپلاش ۋە ئۇنى ساناش بىلەنلا بولۇپ كەتتى [2 ـ 3]. ئەمەلىيەت ھەرگىز ئۇ ئويلىغاندەك بولمايدۇ، ئۇ چوقۇم ھۆتەمەگە تاشلىنىدۇ [4]. سەن ھۆتەمەنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ [5]. ئۇ ئاللاھ ياندۇرغان، يۈرەكلەرگىمۇ تۇتىشىدىغان ئوتتۇر [6ـ7]. ئۇلار چوقۇم ئۇزۇن دەملەر بىلەن تاقىلىدىغان دوزاخقا سولىنىدۇ [8 ـ 9]

## سۈرە ئەسر

ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)

زامان بىلەن قەسەمكى [1]، ھەرقانداق ئىنسان ھەقىقەتەن زىيان ئىچىدە بولىدۇ[2]. پەقەت ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر ـ بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر ـ بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەرلا زىيان تارتمايدۇ [3].

www.uyghurkitap.com





## سُورَةُ التَّكَاثُرِ

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

أَلْهَىٰكُمُ ٱلتَّكَاثُرُ ١ حَتَّىٰ زُرْتُمُ ٱلْمَقَابِرَ ٢ كَلَّا سَوْفَ
تَعْلَمُونَ ٣ ثُمَّ كَلَّا سَوْفَ تَعْلَمُونَ ٤ كَلَّا لَوْ تَعْلَمُونَ
عِلْمَ ٱلْيَقِينِ ٥ لَتَرَوُنَّ ٱلْجَحِيمَ ٦ ثُمَّ لَتَرَوُنَّهَا
عَيْنَ ٱلْيَقِينِ ٧ ثُمَّ لَتُسْـَٔلُنَّ يَوْمَئِذٍ عَنِ ٱلنَّعِيمِ ٨

## سُورَةُ القَارِعَةِ

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ٱلْقَارِعَةُ ١ مَا ٱلْقَارِعَةُ ٢ وَمَآ أَدْرَىٰكَ مَا ٱلْقَارِعَةُ
٣ يَوْمَ يَكُونُ ٱلنَّاسُ كَٱلْفَرَاشِ ٱلْمَبْثُوثِ ٤
وَتَكُونُ ٱلْجِبَالُ كَٱلْعِهْنِ ٱلْمَنفُوشِ ٥ فَأَمَّا
مَن ثَقُلَتْ مَوَٰزِينُهُۥ ٦ فَهُوَ فِى عِيشَةٍ رَّاضِيَةٍ
٧ وَأَمَّا مَنْ خَفَّتْ مَوَٰزِينُهُۥ ٨ فَأُمُّهُۥ هَاوِيَةٌ
٩ وَمَآ أَدْرَىٰكَ مَا هِيَهْ ١٠ نَارٌ حَامِيَةٌۢ ١١

## سُورَةُ العَادِيَاتِ

## سۈرە تەكاسۇر

ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)

*(ئى ئىنسانلار!)* بايلىق ۋە پەرزەنتلەرنىڭ كۆپلۈكى بىلەن پەخىرلىنىش سىلەرنى ئۆلۈپ قەبرىگە كۆمۈلگۈچە غەپلەتتە قالدۇردى [1 ـ 2]. سىلەر ئۇنداق قىلماڭلار، *(بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى)* كەلگۈسىدە بىلىپ قالىسىلەر [3]. يەنە دەپ قوياي، سىلەر ئۇنداق قىلماڭلار، كەلگۈسىدە بىلىپ قالىسىلەر[4]. ھەقىقەت شۇكى، ئەگەر سىلەر راستتىنلا بىلگەن بولساڭلار *(غەپلەتتە قالماس ئىدىڭلار)* [5]. سىلەر چوقۇم جەھەننەمنى كۆرىسىلەر [6]، كۆرگەندىمۇ چوقۇم ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرىسىلەر[7]. ئاندىن ئۆزۈڭلارغا بېرىلگەن نېمەتلەر توغرۇلۇق بۇ كۈندە سوراققا تارتىلىسىلەر [8].

## سۈرە قارىئە

ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)

*(يۈرەكلەرگە)* قورقۇنچ سالغۇچى [1]، ئۇ قورقۇنچ سالغۇچى نېمىدۇر؟ [2]. *(ئى مۇھەممەد!)* ئۇ قورقۇنچ سالغۇچىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سەن بىلەمسەن؟ [3]. *(ئۇ قىيامەت كۈنىدۇر)* شۇ كۈندە ئىنسانلار تارقىلىپ كەتكەن پەرۋانىدەك بولۇپ قالىدۇ [4]. تاغلار ئىتىلغان يۇڭدەك بولۇپ كېتىدۇ [5]. ياخشىلىقى ئېغىر كەلگەن ئادەمگە كەلسەك، ئۇ *(جەننەتتىكى)* كۆڭۈللۈك تۇرمۇشتا بولىدۇ [6ــ7]. ياخشىلىقى يېنىك كەلگەن ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭ جايى ھاۋىيە بولىدۇ [8ــ9]. ھاۋىيەنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ [10]. ئۇ ھاۋىيە قىزىق ئوتتۇر [11].

## سۈرە ئادىيات

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




الجزء الثلاثون — سورة الزلزلة ٩٩ سورة العاديات ١٠٠

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ
وَٱلْعَٰدِيَٰتِ ضَبْحًا ﴿١﴾ فَٱلْمُورِيَٰتِ قَدْحًا ﴿٢﴾ فَٱلْمُغِيرَٰتِ صُبْحًا
﴿٣﴾ فَأَثَرْنَ بِهِۦ نَقْعًا ﴿٤﴾ فَوَسَطْنَ بِهِۦ جَمْعًا ﴿٥﴾ إِنَّ ٱلْإِنسَٰنَ
لِرَبِّهِۦ لَكَنُودٌ ﴿٦﴾ وَإِنَّهُۥ عَلَىٰ ذَٰلِكَ لَشَهِيدٌ ﴿٧﴾ وَإِنَّهُۥ لِحُبِّ
ٱلْخَيْرِ لَشَدِيدٌ ﴿٨﴾ ۞ أَفَلَا يَعْلَمُ إِذَا بُعْثِرَ مَا فِى ٱلْقُبُورِ ﴿٩﴾
وَحُصِّلَ مَا فِى ٱلصُّدُورِ ﴿١٠﴾ إِنَّ رَبَّهُم بِهِمْ يَوْمَئِذٍ لَّخَبِيرٌۢ ﴿١١﴾

سُورَةُ الزَّلْزَلَةِ

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ
إِذَا زُلْزِلَتِ ٱلْأَرْضُ زِلْزَالَهَا ﴿١﴾ وَأَخْرَجَتِ ٱلْأَرْضُ أَثْقَالَهَا
﴿٢﴾ وَقَالَ ٱلْإِنسَٰنُ مَا لَهَا ﴿٣﴾ يَوْمَئِذٍ تُحَدِّثُ أَخْبَارَهَا ﴿٤﴾
بِأَنَّ رَبَّكَ أَوْحَىٰ لَهَا ﴿٥﴾ يَوْمَئِذٍ يَصْدُرُ ٱلنَّاسُ أَشْتَاتًا
لِّيُرَوْا۟ أَعْمَٰلَهُمْ ﴿٦﴾ فَمَن يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ خَيْرًا
يَرَهُۥ ﴿٧﴾ وَمَن يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ شَرًّا يَرَهُۥ ﴿٨﴾

سُورَةُ البَيِّنَةِ

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

مد ٦ حركات لزوماً — مد ٢ أو ٤ أو ٦ جوازاً — مد واجب ٤ أو ٥ حركات — مد حركتان — إخفاء ومواقع الغنة (حركتان) — إدغام، وما لا يلفظ — تفخيم الراء — قلقلة

ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)

*(ئۇرۇشتا)* غارتىلداپ يۈگۈرگۈچى، *(تېز چاپقانلىقتىن)* تۇياقلىرىدىن ئوت چىقارغۇچى، ئەتىگەندە *( دۈشمەن ئۈستىگە)* باستۇرۇپ كىرگۈچى، توپا ـ چاڭ چىقارغۇچى، شۇ توپا ـ چاڭ بىلەن دۈشمەن توپى ئىچىگە كىرىپ كەتكۈچى ئاتلار بىلەن قەسەم قىلىمەنكى [1 ـ 5]، ئىنسان ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىنىڭ نېمەتلىرىگە شەكسىز تۇزكورلۇق قىلغۇچىدۇر [6]. ئىنسان ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ شۇ قىلمىشىغا ئەلۋەتتە ئۆزى گۇۋاھتۇر [7]. ئىنسان ھەقىقەتەن پۇل ـ مالغا ئىنتايىن ھېرىستۇر [8]. ئۇ ئىنسان قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەر *(سىرتقا)* چىقىرىلغان، دىللاردىكى سىرلار ئاشكارىلانغان چاغدا، *(ئۆزىنىڭ ھېساب بېرىدىغانلىقىنى)* بىلمەمدىغاندۇ؟ ئۇ كۈندە ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئۇلارنىڭ ھەممە ئەھۋالدىن ھەقىقەتەن خەۋەرداردۇر [9-11].

## سۈرە زەلزەلە

ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)

زېمىن قاتتىق سىلكىنىپ[1]، قويندىكى يۈكلىرىنى *(يەنى ئۆلۈكلەرنى ۋە باشقىلارنى)* چىقارغاندا [2]، بۇنى كۆرگەن ئىنسان: «بۇ زېمىنغا نېمە بولغاندۇ؟» دېگەندە [3]، بۇ كۈندە زېمىن پەرۋەردىگارىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۆزىنىڭ ئۈستىدە يۈز بەرگەن ئىشلارنى مەلۇم قىلىدۇ [4 ـ 5]. بۇ كۈندە كىشىلەر قىلغان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن *(قەبرىلىرىدىن)* توپ ـ توپ بولۇپ چىقىدۇ [6]. كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇ ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ [7]. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇ ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ [8].

## سۈرە بەييىنە

ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لَمْ يَكُنِ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ مِنْ أَهْلِ ٱلْكِتَٰبِ وَٱلْمُشْرِكِينَ مُنفَكِّينَ
حَتَّىٰ تَأْتِيَهُمُ ٱلْبَيِّنَةُ ﴿١﴾ رَسُولٌ مِّنَ ٱللَّهِ يَتْلُوا۟ صُحُفًا مُّطَهَّرَةً ﴿٢﴾
فِيهَا كُتُبٌ قَيِّمَةٌ ﴿٣﴾ وَمَا تَفَرَّقَ ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ ٱلْكِتَٰبَ إِلَّا مِنۢ
بَعْدِ مَا جَآءَتْهُمُ ٱلْبَيِّنَةُ ﴿٤﴾ وَمَآ أُمِرُوٓا۟ إِلَّا لِيَعْبُدُوا۟ ٱللَّهَ مُخْلِصِينَ
لَهُ ٱلدِّينَ حُنَفَآءَ وَيُقِيمُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ وَيُؤْتُوا۟ ٱلزَّكَوٰةَ ۚ وَذَٰلِكَ دِينُ
ٱلْقَيِّمَةِ ﴿٥﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ مِنْ أَهْلِ ٱلْكِتَٰبِ وَٱلْمُشْرِكِينَ
فِى نَارِ جَهَنَّمَ خَٰلِدِينَ فِيهَآ ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ هُمْ شَرُّ ٱلْبَرِيَّةِ ﴿٦﴾ إِنَّ
ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ أُو۟لَٰٓئِكَ هُمْ خَيْرُ ٱلْبَرِيَّةِ ﴿٧﴾
جَزَآؤُهُمْ عِندَ رَبِّهِمْ جَنَّٰتُ عَدْنٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ خَٰلِدِينَ
فِيهَآ أَبَدًا ۖ رَّضِىَ ٱللَّهُ عَنْهُمْ وَرَضُوا۟ عَنْهُ ۚ ذَٰلِكَ لِمَنْ خَشِىَ رَبَّهُۥ ﴿٨﴾

## سُورَةُ ٱلْقَدْرِ

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

إِنَّآ أَنزَلْنَٰهُ فِى لَيْلَةِ ٱلْقَدْرِ ﴿١﴾ وَمَآ أَدْرَىٰكَ مَا لَيْلَةُ ٱلْقَدْرِ ﴿٢﴾
لَيْلَةُ ٱلْقَدْرِ خَيْرٌ مِّنْ أَلْفِ شَهْرٍ ﴿٣﴾ تَنَزَّلُ ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ وَٱلرُّوحُ
فِيهَا بِإِذْنِ رَبِّهِم مِّن كُلِّ أَمْرٍ ﴿٤﴾ سَلَٰمٌ هِىَ حَتَّىٰ مَطْلَعِ ٱلْفَجْرِ ﴿٥﴾

ئەھلى كىتابتىن ۋە مۇشرىكلاردىن بولغان كافىرلار ئۆزىگە پاك سەھىپىلەرنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغان، ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن پەيغەمبەرلەردىن ئىبارەت روشەن دەلىل كەلگەنگە قەدەر *(كۇفرىدىن)* ئايرىلمىدى [1 ـ 2]. ئۇ سەھىپىلەر توغرا ئەھكاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان [3]. كىتاب بېرىلگەنلەر پەقەت ئۆزىگە روشەن دەلىل كەلگەندىن كېيىن ئاندىن ئىختىلاپ قىلىشتى [4]. ئۇلار پەقەت دىنىنى ئاللاھقا خاس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە بۇيرۇلغان ئىدى. ئەنە شۇ توغرا دىندۇر [5]. ئەھلى كىتابتىن ۋە مۇشرىكلاردىن بولغان كافىرلار ھەقىقەتەن دوزاخقا كىرىپ، ئۇنىڭدا مەڭگۈ قالىدۇ. ئەنە شۇلار بارچە مەخلۇقاتنىڭ يامىنىدۇر [6]. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ـ ئەنە شۇلار بارچە مەخلۇقاتنىڭ ياخشىسىدۇر [7]. ئۇلارغا پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا بېرىلىدىغان مۇكاپات مەڭگۈلۈك بولغان، ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇركى، ئۇلار ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ. ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلارمۇ ئاللاھتىن مەمنۇن بولىدۇ. بۇنىڭغا پەرۋەردىگارىدىن قورققان ئادەملا ئېرىشىدۇ [8].

## سۈرە قەدر

ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)
بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن قەدر كېچىسىدە نازىل قىلدۇق [1].
قەدر كېچىسىنىڭ قانداق كېچە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ [2].
قەدر كېچىسى *(شەرەپ ۋە پەزىلەتتە)* مىڭ ئايدىن ئەۋزەلدۇر [3].
پەرىشتىلەر ۋە جىبرىئىل شۇ كېچىدە پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرى
بىلەن، *(شۇ يىللىق تەقدىر قىلىنىدىغان)* تۈرلۈك ئىشلار ئۈچۈن
چۈشىدۇ [4]. شۇ كېچە تاڭ يورۇغۇچە *(پەرىشتىلەر مۆمىنلەرگە*
*قىلغان)* سالام بىلەن تولغان كېچە بولىدۇ [5].

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## سُورَةُ العَلَقِ

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ٱقْرَأْ بِٱسْمِ رَبِّكَ ٱلَّذِى خَلَقَ ﴿١﴾ خَلَقَ ٱلْإِنسَٰنَ مِنْ عَلَقٍ ﴿٢﴾ ٱقْرَأْ وَرَبُّكَ
ٱلْأَكْرَمُ ﴿٣﴾ ٱلَّذِى عَلَّمَ بِٱلْقَلَمِ ﴿٤﴾ عَلَّمَ ٱلْإِنسَٰنَ مَا لَمْ يَعْلَمْ ﴿٥﴾ كَلَّآ إِنَّ
ٱلْإِنسَٰنَ لَيَطْغَىٰٓ ﴿٦﴾ أَن رَّءَاهُ ٱسْتَغْنَىٰٓ ﴿٧﴾ إِنَّ إِلَىٰ رَبِّكَ ٱلرُّجْعَىٰٓ ﴿٨﴾ أَرَءَيْتَ
ٱلَّذِى يَنْهَىٰ ﴿٩﴾ عَبْدًا إِذَا صَلَّىٰٓ ﴿١٠﴾ أَرَءَيْتَ إِن كَانَ عَلَى ٱلْهُدَىٰٓ ﴿١١﴾ أَوْ أَمَرَ
بِٱلتَّقْوَىٰٓ ﴿١٢﴾ أَرَءَيْتَ إِن كَذَّبَ وَتَوَلَّىٰٓ ﴿١٣﴾ أَلَمْ يَعْلَم بِأَنَّ ٱللَّهَ يَرَىٰ ﴿١٤﴾ كَلَّا لَئِن
لَّمْ يَنتَهِ لَنَسْفَعًۢا بِٱلنَّاصِيَةِ ﴿١٥﴾ نَاصِيَةٍ كَٰذِبَةٍ خَاطِئَةٍ ﴿١٦﴾ فَلْيَدْعُ نَادِيَهُۥ
﴿١٧﴾ سَنَدْعُ ٱلزَّبَانِيَةَ ﴿١٨﴾ كَلَّا لَا تُطِعْهُ وَٱسْجُدْ وَٱقْتَرِب ۩ ﴿١٩﴾

## سُورَةُ التِّينِ

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

وَٱلتِّينِ وَٱلزَّيْتُونِ ﴿١﴾ وَطُورِ سِينِينَ ﴿٢﴾ وَهَٰذَا ٱلْبَلَدِ ٱلْأَمِينِ ﴿٣﴾
لَقَدْ خَلَقْنَا ٱلْإِنسَٰنَ فِىٓ أَحْسَنِ تَقْوِيمٍ ﴿٤﴾ ثُمَّ رَدَدْنَٰهُ أَسْفَلَ سَٰفِلِينَ
﴿٥﴾ إِلَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ فَلَهُمْ أَجْرٌ غَيْرُ مَمْنُونٍ ﴿٦﴾
فَمَا يُكَذِّبُكَ بَعْدُ بِٱلدِّينِ ﴿٧﴾ أَلَيْسَ ٱللَّهُ بِأَحْكَمِ ٱلْحَٰكِمِينَ ﴿٨﴾

مد ٦ حركات لزوماً | مد ٢ أو ٤ أو ٦ جوازاً | مد واجب ٤ أو ٥ حركات | مد حركتان | إخفاء، ومواقع الغنة (حركتان) | إدغام، وما لا يلفظ | تفخيم الراء | قلقلة

## سۈرە ئەلەق

ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)
*(ئى مۇھەممەد!)* ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ
ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن [1ـ2]. سەن ئوقۇغىن. پەرۋەردىگارىڭ ئىنسانغا
قەلەم بىلەن يېزىشنى ئۆگەتكەن، بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈرگەن ئەڭ
كەرەملىك زاتتۇر [3ـ5]. ئەمەلىيەت شۇكى، ئىنسان ئۆزىنىڭ بېيىپ
قالغانلىقىنى ھېس قىلغاندا راستتىنلا ھەددىدىن ئاشىدۇ [6ـ7]. *(ئى
ئىنسان!)* ھەقىقەتەن سېنىڭ بارىدىغان جايىڭ پەرۋەردىگارىڭنىڭ
دەرگاھىدۇر [8]. *(ئى مۇھەممەد!)* ناماز ئوقۇۋاتقان بەندىنى توسقان ئادەمنى
كۆردۈڭمۇ؟ [9-10]. دەپ باققىنا، ئەگەر ئۇ *(ناماز ئوقۇغۇچى بەندە)* توغرا يولدا
بولغان ياكى تەقۋادارلىققا ئەمر قىلغان بولسىچۇ؟ [11ـ12]. دەپ باققىنا،
ئەگەر ئۇ *(نامازدىن توسقۇچى)* ھەقنى ئىنكار قىلغان ۋە ئىمان ئېيتىشتىن
باش تارتقان بولسىچۇ؟ [13]. ئۇ ئۆزىنى ئاللاھنىڭ كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى
بىلمىدىمۇ؟ [14]. ئۇ گۇمراھلىقتىن يانسۇن، ئەگەر ئۇ بۇنىڭدىن يانمىسا،
بىز چوقۇم ئۇنداق يالغانچى گۇناھكارنى كوكۇلىسىدىن تۇتۇپ جەھەننەمگە
سۆرەيمىز [15ـ 16]. ئۇ ئۆزىنىڭ سورۇنداشلىرىنى *(ياردەمگە)* چاقىرسۇن!
[17]. بىزمۇ جەھەننەمنىڭ قاتتىق قول پەرىشتىلىرىنى چاقىرىمىز [18].
ئۇ قىلمىشىدىن يانسۇن! *(ئى مۇھەممەد!)* سەن ئۇنىڭغا بويسۇنمىغىن،
ئاللاھقا سەجدە قىلغىن ۋە يېقىنلاشقىن [19].

## سۈرە تىن

ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)
ئەنجۈر بىلەن قەسەم قىلىمەن، زەيتۇن بىلەن قەسەم قىلىمەن
[1]، تۇرسىنا تېغى بىلەن قەسەم قىلىمەن [2]، بۇ تىنچ شەھەر
*(مەككە مۇكەررەمە)* بىلەن قەسەم قىلىمەنكى [3]، بىز ئىنساننى
ھەقىقەتەن ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق [4]. ئاندىن ئۇنى
ئەڭ تۆۋەن ھالەتكە قايتۇردۇق [5] ؛ پەقەت ئىمان ئېيتقان،
ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇلارغا
تۈگىمەس ساۋاب بېرىلىدۇ [6]. *(ئى ئىنسان!)* بۇ دەلىللەردىن
كېيىن، سېنىڭ قىيامەتنى ئىنكار قىلىشىڭغا نېمە سەۋەب
بولۇۋاتىدۇ؟ [7]. ئاللاھ ئەڭ ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچى ئەمەسمۇ؟ [8].

www.uyghurkitap.com





## سُورَةُ الشَّرْحِ

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

أَلَمْ نَشْرَحْ لَكَ صَدْرَكَ ﴿١﴾ وَوَضَعْنَا عَنكَ وِزْرَكَ ﴿٢﴾ ٱلَّذِىٓ
أَنقَضَ ظَهْرَكَ ﴿٣﴾ وَرَفَعْنَا لَكَ ذِكْرَكَ ﴿٤﴾ فَإِنَّ مَعَ ٱلْعُسْرِ يُسْرًا ﴿٥﴾ إِنَّ
مَعَ ٱلْعُسْرِ يُسْرًا ﴿٦﴾ فَإِذَا فَرَغْتَ فَٱنصَبْ ﴿٧﴾ وَإِلَىٰ رَبِّكَ فَٱرْغَب ﴿٨﴾

## سُورَةُ الضُّحَىٰ

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

وَٱلضُّحَىٰ ﴿١﴾ وَٱلَّيْلِ إِذَا سَجَىٰ ﴿٢﴾ مَا وَدَّعَكَ رَبُّكَ وَمَا قَلَىٰ ﴿٣﴾
وَلَلْءَاخِرَةُ خَيْرٌ لَّكَ مِنَ ٱلْأُولَىٰ ﴿٤﴾ وَلَسَوْفَ يُعْطِيكَ رَبُّكَ
فَتَرْضَىٰٓ ﴿٥﴾ أَلَمْ يَجِدْكَ يَتِيمًا فَـَٔاوَىٰ ﴿٦﴾ وَوَجَدَكَ ضَآلًّا
فَهَدَىٰ ﴿٧﴾ وَوَجَدَكَ عَآئِلًا فَأَغْنَىٰ ﴿٨﴾ فَأَمَّا ٱلْيَتِيمَ فَلَا تَقْهَرْ
﴿٩﴾ وَأَمَّا ٱلسَّآئِلَ فَلَا تَنْهَرْ ﴿١٠﴾ وَأَمَّا بِنِعْمَةِ رَبِّكَ فَحَدِّثْ ﴿١١﴾

## سُورَةُ اللَّيْلِ

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

وَٱلَّيْلِ إِذَا يَغْشَىٰ ﴿١﴾ وَٱلنَّهَارِ إِذَا تَجَلَّىٰ ﴿٢﴾ وَمَا خَلَقَ ٱلذَّكَرَ وَٱلْأُنثَىٰٓ ﴿٣﴾

## سۈرە ئىنشىراھ

ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)

*(ئى مۇھەممەد!)* بىز سېنىڭ كۆكسۈڭنى *(ئىلمىي ھېكمەتكە ئېچىپ)* كەڭ قىلمىدۇقمۇ؟ [1]. سېنىڭ بېلىڭنى ئېگىۋەتكەن ئېغىر يۈكنى *(ساڭا ئېغىر كېلىدىغان مەجبۇرىيەتنى)* ئۈستۈڭدىن ئېلىپ تاشلىمىدۇقمۇ؟ [2ـ3]. سېنىڭ شان ـ شۆھرىتىڭنى يۇقىرى قىلمىدۇقمۇ؟ [4]. بىلگىنكى، ھەر بىر مۇشكۇللۇك بىلەن چوقۇم بىر ئاسانلىق بار [5]. شۇ مۇشكۇللۇك بىلەن چوقۇم يەنە بىر ئاسانلىق بار [6]. *(ئى مۇھەممەد!)* سەن بىكار بولغان چېغىڭدا تىرىشىپ ئىبادەت قىلغىن [7]، پەرۋەردىگارىڭغا يۈزلەنگىن [8].

## سۈرە زۇھا

ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)

چاشگاھ ۋاقتى بىلەن [1]، قاراڭغۇلۇقى ئەتراپنى قاپلىغان كېچە بىلەن قەسەم قىلىمەنكى [2]، *(ئى مۇھەممەد!)* پەرۋەردىگارىڭ سېنى تاشلىۋەتمىدى ۋە يامانمۇ كۆرمىدى [3]. ئاخىرەت ساڭا ئەلۋەتتە دۇنيادىن ياخشىدۇر [4]. پەرۋەردىگارىڭ ساڭا كەلگۈسىدە نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلىدۇ. سەن بۇنىڭدىن مەمنۇن بولىسەن [5]. ئۇ سېنىڭ يېتىملىكىڭنى بىلىپ پاناھلىق بەرمىدىمۇ؟ [6]. سېنىڭ تېڭىرقاپ قالغىنىڭنى بىلىپ يول كۆرسەتمىدىمۇ [7]، سېنىڭ يوقسۇزلۇقۇڭنى بىلىپ بېيىتمىدىمۇ؟ [8]. شۇڭا، سەن يېتىمگە قوپاللىق قىلما [9]، تىلەمچىنى سىلكىشلىمە [10]. پەرۋەردىگارىڭنىڭ نېمىتىنى *(كىشىلەرگە)* سۆزلەپ بەرگىن [11].

## سۈرە لەيل

ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)

قاراڭغۇلۇقى ئالەمنى قاپلىغان كېچە بىلەن قەسەم قىلىمەن [1]،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com





إِنَّ سَعْيَكُمْ لَشَتَّىٰ ﴿٤﴾ فَأَمَّا مَنْ أَعْطَىٰ وَاتَّقَىٰ ﴿٥﴾ وَصَدَّقَ بِالْحُسْنَىٰ ﴿٦﴾
فَسَنُيَسِّرُهُ لِلْيُسْرَىٰ ﴿٧﴾ وَأَمَّا مَنْ بَخِلَ وَاسْتَغْنَىٰ ﴿٨﴾ وَكَذَّبَ بِالْحُسْنَىٰ
﴿٩﴾ فَسَنُيَسِّرُهُ لِلْعُسْرَىٰ ﴿١٠﴾ وَمَا يُغْنِي عَنْهُ مَالُهُ إِذَا تَرَدَّىٰ ﴿١١﴾ إِنَّ عَلَيْنَا
لَلْهُدَىٰ ﴿١٢﴾ وَإِنَّ لَنَا لَلْآخِرَةَ وَالْأُولَىٰ ﴿١٣﴾ فَأَنْذَرْتُكُمْ نَارًا تَلَظَّىٰ ﴿١٤﴾
لَا يَصْلَاهَا إِلَّا الْأَشْقَى ﴿١٥﴾ الَّذِي كَذَّبَ وَتَوَلَّىٰ ﴿١٦﴾ وَسَيُجَنَّبُهَا
الْأَتْقَى ﴿١٧﴾ الَّذِي يُؤْتِي مَالَهُ يَتَزَكَّىٰ ﴿١٨﴾ وَمَا لِأَحَدٍ عِنْدَهُ مِنْ
نِعْمَةٍ تُجْزَىٰ ﴿١٩﴾ إِلَّا ابْتِغَاءَ وَجْهِ رَبِّهِ الْأَعْلَىٰ ﴿٢٠﴾ وَلَسَوْفَ يَرْضَىٰ ﴿٢١﴾

## سُورَةُ الشَّمْسِ

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

وَالشَّمْسِ وَضُحَاهَا ﴿١﴾ وَالْقَمَرِ إِذَا تَلَاهَا ﴿٢﴾ وَالنَّهَارِ إِذَا جَلَّاهَا ﴿٣﴾
وَاللَّيْلِ إِذَا يَغْشَاهَا ﴿٤﴾ وَالسَّمَاءِ وَمَا بَنَاهَا ﴿٥﴾ وَالْأَرْضِ وَمَا طَحَاهَا
﴿٦﴾ وَنَفْسٍ وَمَا سَوَّاهَا ﴿٧﴾ فَأَلْهَمَهَا فُجُورَهَا وَتَقْوَاهَا ﴿٨﴾ قَدْ
أَفْلَحَ مَنْ زَكَّاهَا ﴿٩﴾ وَقَدْ خَابَ مَنْ دَسَّاهَا ﴿١٠﴾ كَذَّبَتْ ثَمُودُ
بِطَغْوَاهَا ﴿١١﴾ إِذِ انْبَعَثَ أَشْقَاهَا ﴿١٢﴾ فَقَالَ لَهُمْ رَسُولُ اللَّهِ
نَاقَةَ اللَّهِ وَسُقْيَاهَا ﴿١٣﴾ فَكَذَّبُوهُ فَعَقَرُوهَا فَدَمْدَمَ

يوپيورۇق كۈندۈز بىلەن قەسەم قىلىمەن [2]، ئەر-ئايالنى ياراتقان زات
ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى [3]، سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلار
ھەقىقەتەن خىلمۇخىلدۇر [4]. پۇل-مېلىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغان،
تەقۋادارلىق قىلغان، تەۋھىد كەلىمىسىنى راست دەپ ئىشەنگەن ئادەمگە
كەلسەك [5ـ6]، بىز ئۇنىڭغا ياخشى ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىمىز [7].
بېخىللىق قىلىپ ئۆزىنى بىھاجەت ھېسابلىغان، تەۋھىد كەلىمىسىنى
ئىنكار قىلغان ئادەمگە كەلسەك [8-9]، بىز ئۇنىڭغا يامان ئىشلارنى
ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىمىز [10]. ئۇ دوزاخقا تاشلانغان چاغدا، ئۇنىڭ پۇل-
مېلى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ [11]. توغرا يولنى كۆرسىتىش ئەلۋەتتە
بىزنىڭ ئىشىمىز [12]. دۇنيا ۋە ئاخىرەت شەك-شۈبھىسىز بىزنىڭ
ئىلكىمىزدىدۇر [13]. مەن سىلەرنى لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتتىن
ئاگاھلاندۇردۇم [14]. ئۇنىڭغا پەقەت ھەقنى ئىنكار قىلغان، ئىماندىن
يۈز ئۆرۈگەن باش تارتقان بەختسىز ئادەملا كىرىدۇ [15ـ16]. پاكلىنىش
ئۈچۈن مال-مۈلكىنى سەرپ قىلىدىغان تەقۋادار ئادەم ئۇنىڭدىن يىراق
قىلىنىدۇ [17ـ18]. ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقى بىراۋنىڭ ياخشىلىقىنى
ياندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن
بولىدۇ [19ـ20]. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ كەلگۈسىدە چوقۇم رازى بولىدۇ [21].

## سۈرە شەمس

ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)

قۇياش ۋە ئۇنىڭ نۇرى بىلەن قەسەم قىلىمەن [1]، قۇياشقا ئەگەشكەن
ئاي بىلەن قەسەم قىلىمەن [2]، قۇياش ئاشكارا كۆرۈنىدىغان كۈندۈز بىلەن
قەسەم قىلىمەن [3]، قۇياشنى يوشۇرغان كېچە بىلەن قەسەم قىلىمەن
[4]، ئاسمان بىلەن ۋە ئۇنى بىنا قىلغان زات بىلەن قەسەم قىلىمەن [5]،
زېمىن بىلەن ۋە ئۇنى كەڭ قىلغان زات بىلەن قەسەم قىلىمەن [6]، جان
بىلەن ۋە جان ئىگىسىنى بېجىرىم ياراتقان، ياخشىلىق-يامانلىقنى
ئۇنىڭغا تونۇتقان زات بىلەن قەسەم قىلىمەنكى [7-8]، قەلبىنى پاكلىغان
ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ [9]، قەلبىنى گۇناھ-مەئسىيەتكە كۆندۈرگەن
ئادەم چوقۇم زىيان تارتىدۇ [10]. سەمۇد قەۋمى ھەددىدىن ئاشقانلىقى
ئۈچۈن ھەقىقەتنى ئىنكار قىلدى [11]. ئەينى زاماندا سەمۇدنىڭ ئەڭ
بەتبەخت ئادىمى *(مۆجىزە بولۇپ كەلگەن تۆگىنى ئۆلتۈرۈشكە)* تۇتۇش
قىلغاندا [12]، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى *(سالىھ ئەلەيھىسسالام)* ئۇلارغا:
«ئاللاھنىڭ تۆگىسىگە ۋە ئۇ تۆگىنىڭ سۇيىگە چېقىلماڭلار» دېگەن
ئىدى [13]. ئۇلار پەيغەمبەرنى يالغانچى دەپ تۆگىنى ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن

www.uyghurkitap.com





عَلَيْهِمْ رَبُّهُم بِذَنۢبِهِمْ فَسَوَّىٰهَا ﴿١٤﴾ وَلَا يَخَافُ عُقْبَٰهَا ﴿١٥﴾

## سُورَةُ الْبَلَدِ

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

لَآ أُقْسِمُ بِهَٰذَا ٱلْبَلَدِ ﴿١﴾ وَأَنتَ حِلٌّۢ بِهَٰذَا ٱلْبَلَدِ ﴿٢﴾ وَوَالِدٍ وَمَا وَلَدَ
﴿٣﴾ لَقَدْ خَلَقْنَا ٱلْإِنسَٰنَ فِى كَبَدٍ ﴿٤﴾ أَيَحْسَبُ أَن لَّن يَقْدِرَ عَلَيْهِ
أَحَدٌ ﴿٥﴾ يَقُولُ أَهْلَكْتُ مَالًا لُّبَدًا ﴿٦﴾ أَيَحْسَبُ أَن لَّمْ يَرَهُۥٓ أَحَدٌ
﴿٧﴾ أَلَمْ نَجْعَل لَّهُۥ عَيْنَيْنِ ﴿٨﴾ وَلِسَانًا وَشَفَتَيْنِ ﴿٩﴾ وَهَدَيْنَٰهُ
ٱلنَّجْدَيْنِ ﴿١٠﴾ فَلَا ٱقْتَحَمَ ٱلْعَقَبَةَ ﴿١١﴾ وَمَآ أَدْرَىٰكَ مَا ٱلْعَقَبَةُ ﴿١٢﴾
فَكُّ رَقَبَةٍ ﴿١٣﴾ أَوْ إِطْعَٰمٌ فِى يَوْمٍ ذِى مَسْغَبَةٍ ﴿١٤﴾ يَتِيمًا ذَا مَقْرَبَةٍ
﴿١٥﴾ أَوْ مِسْكِينًا ذَا مَتْرَبَةٍ ﴿١٦﴾ ثُمَّ كَانَ مِنَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَتَوَاصَوْا۟
بِٱلصَّبْرِ وَتَوَاصَوْا۟ بِٱلْمَرْحَمَةِ ﴿١٧﴾ أُو۟لَٰٓئِكَ أَصْحَٰبُ ٱلْمَيْمَنَةِ ﴿١٨﴾ وَٱلَّذِينَ
كَفَرُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَا هُمْ أَصْحَٰبُ ٱلْمَشْـَٔمَةِ ﴿١٩﴾ عَلَيْهِمْ نَارٌ مُّؤْصَدَةٌۢ ﴿٢٠﴾

## سُورَةُ الْفَجْرِ

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

وَٱلْفَجْرِ ﴿١﴾ وَلَيَالٍ عَشْرٍ ﴿٢﴾ وَٱلشَّفْعِ وَٱلْوَتْرِ ﴿٣﴾ وَٱلَّيْلِ إِذَا يَسْرِ

گۇناھى تۆپەيلىدىن، ئاللاھ ئۇلارغا ئازاپ چۈشۈرۈپ، ئاقىۋىتىگە پەرۋا قىلمايلا ئۇلارنى بىلەن يەكسان قىلىۋەتتى [14 ـ 15].

## سۈرە بەلەد

ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)

بۇ شەھەر *(مەككە)* بىلەن قەسەم قىلىمەنكى [1]، *(ئى مۇھەممەد!)* سەن بۇ شەھەردە چەكلىمىگە ئۇچرىمايسەن [2]. ئادەم ئاتا بىلەن ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى [3]، بىز ئىنساننى ھەقىقەتەن جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىگە ياراتتۇق [4]. ئۇ بەتبەخت ئادەم ئۆزىگە ھېچ كىشىنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ دەپ ئويلامدۇ؟ [5]. ئۇ: « *(مۇھەممەد بىلەن قارشىلىشىشقا)* كۆپ مال سەرپ قىلدىم» دەيدۇ [6]. ئۇ بۇنى ھېچ كىشى كۆرمىدى دەپ ئويلامدۇ؟ [7]. بىز ئىنسان ئۈچۈن ئىككى كۆز، بىر تىل، ئىككى كالپۇك ياراتمىدۇقمۇ؟ ئۇنىڭغا ياخشى يول بىلەن يامان يولنى كۆرسەتمىدۇقمۇ؟ [8 ـ 10]. شۇنداق تۇرسا ئۇ نېمىشقا داۋان ئاشمىدى؟ [11]. *(ئى مۇھەممەد!)* سەن داۋان ئېشىشنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟ [12]. قۇل ئازاد قىلماقتۇر [13]، ياكى ئاچارچىلىق يۈز بەرگەن كۈنلەردە تۇغقانچىلىقى بار يېتىمگە ياكى تۇپىدا ياتقان مىسكىنگە تاماق بەرمەكتۇر [14ـ16]. يۇقىرىقىلارنى قىلىش بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقانلاردىن، ئۆزئارا سەۋر قىلىشقا تەۋسىيە قىلىشقانلاردىن، ئۆزئارا كۆيۈنۈشكە تەۋسىيە قىلىشقانلاردىن بولماقتۇر [17]. ئەنە ئاشۇ ئىشلارنى قىلغانلار سائادەتمەن كىشىلەردۇر [18]. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان كافىرلار ھەقىقىي بەختسىز كىشىلەردۇر [19]. ئۇلار ئىشىكلىرى تاقالغان دوزاخقا سولىنىدۇ [20].

## سۈرە فەجر

ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)

سۈبھى بىلەن، زۇلھەججىنىڭ دەسلەپكى ئون كېچىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com





٤ هَلْ فِي ذَٰلِكَ قَسَمٌ لِّذِي حِجْرٍ ٥ أَلَمْ تَرَ كَيْفَ فَعَلَ رَبُّكَ بِعَادٍ
٦ إِرَمَ ذَاتِ الْعِمَادِ ٧ الَّتِي لَمْ يُخْلَقْ مِثْلُهَا فِي الْبِلَادِ ٨
وَثَمُودَ الَّذِينَ جَابُوا الصَّخْرَ بِالْوَادِ ٩ وَفِرْعَوْنَ ذِي الْأَوْتَادِ ١٠
الَّذِينَ طَغَوْا فِي الْبِلَادِ ١١ فَأَكْثَرُوا فِيهَا الْفَسَادَ ١٢ فَصَبَّ
عَلَيْهِمْ رَبُّكَ سَوْطَ عَذَابٍ ١٣ إِنَّ رَبَّكَ لَبِالْمِرْصَادِ ١٤ فَأَمَّا
الْإِنسَانُ إِذَا مَا ابْتَلَاهُ رَبُّهُ فَأَكْرَمَهُ وَنَعَّمَهُ فَيَقُولُ رَبِّي أَكْرَمَنِ
١٥ وَأَمَّا إِذَا مَا ابْتَلَاهُ فَقَدَرَ عَلَيْهِ رِزْقَهُ فَيَقُولُ رَبِّي أَهَانَنِ ١٦
كَلَّا ۖ بَل لَّا تُكْرِمُونَ الْيَتِيمَ ١٧ وَلَا تَحَاضُّونَ عَلَىٰ طَعَامِ
الْمِسْكِينِ ١٨ وَتَأْكُلُونَ التُّرَاثَ أَكْلًا لَّمًّا ١٩
وَتُحِبُّونَ الْمَالَ حُبًّا جَمًّا ٢٠ كَلَّا إِذَا دُكَّتِ الْأَرْضُ دَكًّا
دَكًّا ٢١ وَجَاءَ رَبُّكَ وَالْمَلَكُ صَفًّا صَفًّا ٢٢ وَجِيءَ يَوْمَئِذٍ
بِجَهَنَّمَ ۚ يَوْمَئِذٍ يَتَذَكَّرُ الْإِنسَانُ وَأَنَّىٰ لَهُ الذِّكْرَىٰ ٢٣
يَقُولُ يَا لَيْتَنِي قَدَّمْتُ لِحَيَاتِي ٢٤ فَيَوْمَئِذٍ لَّا يُعَذِّبُ عَذَابَهُ أَحَدٌ ٢٥
وَلَا يُوثِقُ وَثَاقَهُ أَحَدٌ ٢٦ يَا أَيَّتُهَا النَّفْسُ الْمُطْمَئِنَّةُ ٢٧ ارْجِعِي
إِلَىٰ رَبِّكِ رَاضِيَةً مَّرْضِيَّةً ٢٨ فَادْخُلِي فِي عِبَادِي ٢٩ وَادْخُلِي جَنَّتِي ٣٠

بىلەن، جۇپ بىلەن، ئۆتتۈۋاتقان كېچە بىلەن قەسەم قىلىمەنكى [1 ـ 4]. بۇلاردا ھەقىقەتەن ئەقىل ئىگىسىنى قانائەتلەندۈرگۈدەك قەسەم بار [5]. *(ئى مۇھەممەد!)* سەن ئاد قەۋمىنى ـ باشقا شەھەرلەردە ئوخشىشى يارىتىلمىغان ئېگىز بويلۇق ئىرەملىكلەرنى ۋە تاغ جىلغىسىدا قورام تاشلارنى يونۇپ ئۆي سالغان سەمۇد قەۋمىنى پەرۋەردىگارىڭنىڭ قانداق جازالىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ [6 ـ 9]. شۇنىڭدەك قوراللىق كۈچ ئىگىسى پىرئەۋننى قانداق جازالىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ [10]. ئۇلار شەھەرلەردە ھەددىدىن ئېشىپ[11]، ئۇ يەرلەردە بۇزغۇنچىلىقنى كۆپ قىلىۋىدى [12]، پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تۈرلۈك ئازاپلارنى ياغدۇردى [13]. پەرۋەردىگارىڭ ئەلۋەتتە كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر [14]. پەرۋەردىگارى ئىنساننى ئەزىز قىلىپ سىنىسا ۋە ئۇنىڭغا نېمەت بەرسە، ئۇ: « پەرۋەردىگارىم مېنى ئەزىز قىلدى» دەيدۇ [15]. پەرۋەردىگارى ئىنساننى رىزقىنى تار قىلىپ سىنىسا، ئۇ : «پەرۋەردىگارىم مېنى خار قىلدى» دەيدۇ [16]. ئىش ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ھەقىقەت شۇكى، سىلەر يېتىمنى ھۆرمەت قىلمايسىلەر [17]، بىر ـ بىرىڭلارنى مىسكىنگە ئاش، نان بېرىشكە تەرغىب قىلمايسىلەر [18]، مىراسنى *(ھالال ـ ھارام دېمەستىن)* ھە دەپ يەيسىلەر [19]، مال ـ دۇنيانى ناھايىتى دوست تۇتىسىلەر [20]. *(ئى غاپىللار!)* سىلەر بۇنداق قىلماڭلار. زېمىن ئارقىمۇئارقا تەۋرىتىلگەن چاغدا [21]، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرى كەلگەن ۋە پەرىشتىلەر سەپ ـ سەپ بولۇپ ھازىر بولغان چاغدا [22]، جەھەننەم كەلتۈرۈلگەن چاغدا، شۇ كۈندە ئىنسان قىلمىشلىرىنى ئەسلەيدۇ. بۇ چاغدا ئەسلىگەنىنىڭ ئۇنىڭغا نېمە پايدىسى بولسۇن؟ [23]. ئۇ: «كاشكى مەن ھايات ۋاقتىمدا ياخشى ئىشلارنى قىلغان بولسامچۇ!» دەپ كېتىدۇ [24]. ھېچكىم ئاللاھ شۇ كۈندە جازالىغاندەك جازالىيالمايدۇ [25]، ھەمدە ھېچكىم ئاللاھ باغلىغاندەك باغلىيالمايدۇ [26]. *(مۆمىنلەرنىڭ جېنىغا مۇنداق دېيىلىدۇ)* ئى ئارام تاپقۇچى جان! [27]. سەن پەرۋەردىگارىڭدىن مەمنۇن بولغان، پەرۋەردىگارىڭ سەندىن رازى بولغان ھالدا، ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقىن [28]. سەن مېنىڭ ياخشى بەندىلىرىم قاتارىغا قوشۇلغىن [29]. مېنىڭ جەننىتىمگە كىرگىن [30].

## سُورَةُ الغَاشِيَةِ

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

هَلۡ أَتَىٰكَ حَدِيثُ ٱلۡغَٰشِيَةِ ١ وُجُوهٞ يَوۡمَئِذٍ خَٰشِعَةٌ ٢
عَامِلَةٞ نَّاصِبَةٞ ٣ تَصۡلَىٰ نَارًا حَامِيَةٗ ٤ تُسۡقَىٰ مِنۡ عَيۡنٍ ءَانِيَةٖ ٥
لَّيۡسَ لَهُمۡ طَعَامٌ إِلَّا مِن ضَرِيعٖ ٦ لَّا يُسۡمِنُ وَلَا يُغۡنِي مِن جُوعٖ ٧
وُجُوهٞ يَوۡمَئِذٖ نَّاعِمَةٞ ٨ لِّسَعۡيِهَا رَاضِيَةٞ ٩ فِي جَنَّةٍ عَالِيَةٖ ١٠
لَّا تَسۡمَعُ فِيهَا لَٰغِيَةٗ ١١ فِيهَا عَيۡنٞ جَارِيَةٞ ١٢ فِيهَا سُرُرٞ مَّرۡفُوعَةٞ ١٣
وَأَكۡوَابٞ مَّوۡضُوعَةٞ ١٤ وَنَمَارِقُ مَصۡفُوفَةٞ ١٥ وَزَرَابِيُّ مَبۡثُوثَةٌ ١٦
أَفَلَا يَنظُرُونَ إِلَى ٱلۡإِبِلِ كَيۡفَ خُلِقَتۡ ١٧ وَإِلَى ٱلسَّمَآءِ كَيۡفَ
رُفِعَتۡ ١٨ وَإِلَى ٱلۡجِبَالِ كَيۡفَ نُصِبَتۡ ١٩ وَإِلَى ٱلۡأَرۡضِ كَيۡفَ
سُطِحَتۡ ٢٠ فَذَكِّرۡ إِنَّمَآ أَنتَ مُذَكِّرٞ ٢١ لَّسۡتَ عَلَيۡهِم
بِمُصَيۡطِرٍ ٢٢ إِلَّا مَن تَوَلَّىٰ وَكَفَرَ ٢٣ فَيُعَذِّبُهُ ٱللَّهُ ٱلۡعَذَابَ
ٱلۡأَكۡبَرَ ٢٤ إِنَّ إِلَيۡنَآ إِيَابَهُمۡ ٢٥ ثُمَّ إِنَّ عَلَيۡنَا حِسَابَهُم ٢٦

## سُورَةُ الأَعۡلَىٰ

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

## سۈرە غاشىيە

ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)

*(ئى مۇھەممەد!)* ساڭا ھەممىنى قورقۇنچقا سالىدىغان قىيامەتنىڭ خەۋىرى كەلدىمۇ؟ [1]. بۇ كۈندە نۇرغۇن ئادەملەر خار بولىدۇ [2]. ئۇلار *(دۇنيادا)* گۇناھ قىلغان، *(ئاخىرەتتە)* جاپا تارتىدىغان ئادەملەردۇر[3]. ئۇلار ئەڭ قىزىق دوزاخقا كىرىدۇ [4]، ئۇلارغا كۆيدۈرۈپ پىشۇرۇۋېتىدىغان بۇلاق سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ [5]. ئۇلارغا يا ئوزۇق بولمايدىغان، يا قورساق تويغۇزمايدىغان ئاچچىق تىكەنلىك ئۆسۈملۈكتىن باشقا يېمەكلىك يوق [6ـ7]. بۇ كۈندە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ يۈزىدە بەخت شاتلىقى جىلۋىلىنىدۇ [8]. ئۇلار بۇ دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرىدىن رازى بولىدۇ [9]، ئالىي جەننەتتە تۇرىدۇ [10]، ئۇ يەردە يامان سۆز ئاڭلىمايدۇ [11]. ئۇ يەردە بۇلاقلار ئېقىپ تۇرىدۇ [12]. ئۇ يەردە ئېگىز تەختلەر، قاتار تىزىلغان قەدەھلەر، رەت ـ رەت قويۇلغان ياستۇقلار، سېلىنغان ئېسىل بىساتلار بار [13ـ16]. ئىنسانلار تۆگىلەرنىڭ قانداق يارىتىلغانلىقىغا، ئاسماننىڭ قانداق كۆتۈرۈلگەنلىكىگە، تاغلارنىڭ قانداق تىكلەنگەنلىكىگە، يەر يۈزىنىڭ قانداق شەكىللەنگەنلىكىگە قاراپ باقمامدۇ؟ [17ـ20]. *(ئى مۇھەممەد!)* سەن ئۇلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلغىن. سەن پەقەت ۋەز ـ نەسىھەت قىلغۇچىسەن [21]. سەن ئۇلارنى مەجبۇرلىغۇچى ئەمەس [22]. لېكىن، كىمكى ۋەز ـ نەسىھەتتىن باش تارتىپ ئاللاھنى ئىنكار قىلىدىكەن [23]، ئاللاھ ئۇنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالايدۇ [24]. ئۇلار چوقۇم بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ [25]. ئاندىن ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش ئەلۋەتتە بىزنىڭ ئىشىمىزدۇ [26].

## سۈرە ئەئلا

ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com





سَبِّحِ ٱسۡمَ رَبِّكَ ٱلۡأَعۡلَى ١ ٱلَّذِي خَلَقَ فَسَوَّىٰ ٢ وَٱلَّذِي قَدَّرَ فَهَدَىٰ
٣ وَٱلَّذِيٓ أَخۡرَجَ ٱلۡمَرۡعَىٰ ٤ فَجَعَلَهُۥ غُثَآءً أَحۡوَىٰ ٥ سَنُقۡرِئُكَ
فَلَا تَنسَىٰٓ ٦ إِلَّا مَا شَآءَ ٱللَّهُۚ إِنَّهُۥ يَعۡلَمُ ٱلۡجَهۡرَ وَمَا يَخۡفَىٰ ٧ وَنُيَسِّرُكَ
لِلۡيُسۡرَىٰ ٨ فَذَكِّرۡ إِن نَّفَعَتِ ٱلذِّكۡرَىٰ ٩ سَيَذَّكَّرُ مَن يَخۡشَىٰ ١٠
وَيَتَجَنَّبُهَا ٱلۡأَشۡقَى ١١ ٱلَّذِي يَصۡلَى ٱلنَّارَ ٱلۡكُبۡرَىٰ ١٢ ثُمَّ لَا يَمُوتُ
فِيهَا وَلَا يَحۡيَىٰ ١٣ قَدۡ أَفۡلَحَ مَن تَزَكَّىٰ ١٤ وَذَكَرَ ٱسۡمَ رَبِّهِۦ فَصَلَّىٰ ١٥
بَلۡ تُؤۡثِرُونَ ٱلۡحَيَوٰةَ ٱلدُّنۡيَا ١٦ وَٱلۡأٓخِرَةُ خَيۡرٞ وَأَبۡقَىٰٓ ١٧ إِنَّ
هَٰذَا لَفِي ٱلصُّحُفِ ٱلۡأُولَىٰ ١٨ صُحُفِ إِبۡرَٰهِيمَ وَمُوسَىٰ ١٩

## سُورَةُ ٱلطَّارِقِ

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

وَٱلسَّمَآءِ وَٱلطَّارِقِ ١ وَمَآ أَدۡرَىٰكَ مَا ٱلطَّارِقُ ٢ ٱلنَّجۡمُ ٱلثَّاقِبُ ٣ إِن كُلُّ
نَفۡسٖ لَّمَّا عَلَيۡهَا حَافِظٞ ٤ فَلۡيَنظُرِ ٱلۡإِنسَٰنُ مِمَّ خُلِقَ ٥ خُلِقَ مِن مَّآءٖ
دَافِقٖ ٦ يَخۡرُجُ مِنۢ بَيۡنِ ٱلصُّلۡبِ وَٱلتَّرَآئِبِ ٧ إِنَّهُۥ عَلَىٰ رَجۡعِهِۦ لَقَادِرٞ ٨
يَوۡمَ تُبۡلَى ٱلسَّرَآئِرُ ٩ فَمَا لَهُۥ مِن قُوَّةٖ وَلَا نَاصِرٖ ١٠ وَٱلسَّمَآءِ ذَاتِ ٱلرَّجۡعِ ١١
وَٱلۡأَرۡضِ ذَاتِ ٱلصَّدۡعِ ١٢ إِنَّهُۥ لَقَوۡلٞ فَصۡلٞ ١٣ وَمَا هُوَ بِٱلۡهَزۡلِ ١٤ إِنَّهُمۡ

ھەممىدىن ئۈستۈن پەرۋەردىگارىڭنى پاك دەپ بىلگىن [1]. ئۇ پۈتۈن مەخلۇقاتنى يارىتىپ، ئۇلارنى بىجىرىم قىلدى [2]، ئۇلارغا *(ھەممە ئىشنى)* ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى *(پايدىلىنىش يوللىرىغا)* باشلىدى [3]، ئوت-چۆپلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى [4]، ئاندىن ئۇ ئوت-چۆپلەرنى قارامتۇل قۇرۇق ئوت-خەسكە ئايلاندۇردى [5]. *(ئى مۇھەممەد!)* بىز ساڭا قۇرئاننى ئوقۇتىمىز، ئاندىن سەن ئاللاھ ئۇنتۇلدۇرغاندىنى باشقىنى ئۇنتۇمايسەن. ئاللاھ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن سۆز-ھەرىكەتلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ [6-7]. سېنى بىز ئاسان يولغا مۇۋەپپەق قىلىمىز [8]. ۋەز-نەسىھەت ئۈنۈم بەرگۈدەكلا بولسا، كىشىلەرگە ۋەز-نەسىھەت قىلغىن [9]. ئاللاھتىن قورققان ئادەملا ۋەز-نەسىھەتنى قوبۇل قىلىدۇ [10]. ئەڭ بەختسىز ئادەم ۋەز-نەسىھەتتىن قاچىدۇ [11]. ئۇ ئەڭ چوڭ ئوت *(دوزاخ)* قا كىرىدۇ [12]. ئاندىن ئۇ ئۇ يەردە يا ئۆلمەيدۇ، يا تىرىكتەك ياشىمايدۇ [13]. *(گۇناھتىن)* پاك بولغان، پەرۋەردىگارىنىڭ نامىنى ياد ئېتىپ ناماز ئوقۇغان ئادەم ھەقىقەتەن مەقسىتىگە يەتتى [14-15]. ئەمەلىيەتتە سىلەر دۇنيا تىرىكچىلىكىنىلا ياخشى كۆرىسىلەر [16]. ئاخىرەت ئەڭ ياخشىدۇر ۋە مەڭگۈلۈكتۇر [17]. شەك-شۈبھىسىزكى، بۇ ۋەز-نەسىھەتلەر بۇرۇنقى سەھىپىلەردە-ئىبراھىم ۋە مۇسانىڭ سەھىپىلىرىدىمۇ باردۇر [18-19].

## سۈرە تارىق

ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)

ئاسمان بىلەن ۋە تۈندە چاقنىغۇچى بىلەن قەسەم قىلىمەن [1]، *(ئى مۇھەممەد!)* سەن تۈندە چاقنىغۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟ [2]. ئۇ يورۇق يۇلتۇزدۇر [3]. ھەربىر ئادەم ئۈستىدە نازارەتچى *(پەرىشتە)* بار [4]. ئىنسان ئۆزىنىڭ نېمىدىن يارىتىلغانلىقىغا قاراپ باقسۇن [5]. ئۇ ئومۇرتقا بىلەن كۆكرەك سۆڭىكى ئارىسىدىن ئېتىلىپ چىققۇچى مەنىيدىن يارىتىلغان [6-7]. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۇنى تىرىلدۈرۈشكىمۇ قادىردۇر [8]. سىرلار ئاشكارىلىنىدىغان قىيامەت كۈنىدە [9]، ئۇ ئىنساندىن ئازابنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان ھېچقانداق كۈچ ۋە ياردەمچى بولمايدۇ [10]. يامغۇرلۇق بۇلۇت بىلەن قەسەم قىلىمەن[11]، *(مايسىلارغا)* يېرىلىپ بېرىدىغان زېمىن بىلەن قەسەم قىلىمەنكى [12]، قۇرئان ھەقىقەتەن ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان سۆزدۇر [13]. ئۇ چاقچاق قىلىپ دېيىلگەن سۆز ئەمەستۇر [14]. مۇشرىكلار ھەقىقەتەن ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىپ تۇرىدۇ[15]. مەنمۇ ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكرىنى بەربات قىلىپ تۇرىمەن [16]. *(ئى مۇھەممەد!)*

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com





يَكِيدُونَ كَيْدًا ﴿١٥﴾ وَأَكِيدُ كَيْدًا ﴿١٦﴾ فَمَهِّلِ ٱلْكَٰفِرِينَ أَمْهِلْهُمْ رُوَيْدًۢا ﴿١٧﴾

## سُورَةُ ٱلْبُرُوجِ

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

وَٱلسَّمَآءِ ذَاتِ ٱلْبُرُوجِ ﴿١﴾ وَٱلْيَوْمِ ٱلْمَوْعُودِ ﴿٢﴾ وَشَاهِدٍ وَمَشْهُودٍ
﴿٣﴾ قُتِلَ أَصْحَٰبُ ٱلْأُخْدُودِ ﴿٤﴾ ٱلنَّارِ ذَاتِ ٱلْوَقُودِ ﴿٥﴾ إِذْ هُمْ عَلَيْهَا
قُعُودٌ ﴿٦﴾ وَهُمْ عَلَىٰ مَا يَفْعَلُونَ بِٱلْمُؤْمِنِينَ شُهُودٌ ﴿٧﴾ وَمَا نَقَمُوا۟
مِنْهُمْ إِلَّآ أَن يُؤْمِنُوا۟ بِٱللَّهِ ٱلْعَزِيزِ ٱلْحَمِيدِ ﴿٨﴾ ٱلَّذِى لَهُۥ مُلْكُ
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۚ وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ شَهِيدٌ ﴿٩﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ
فَتَنُوا۟ ٱلْمُؤْمِنِينَ وَٱلْمُؤْمِنَٰتِ ثُمَّ لَمْ يَتُوبُوا۟ فَلَهُمْ عَذَابُ جَهَنَّمَ وَلَهُمْ
عَذَابُ ٱلْحَرِيقِ ﴿١٠﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَهُمْ
جَنَّٰتٌ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ ۚ ذَٰلِكَ ٱلْفَوْزُ ٱلْكَبِيرُ ﴿١١﴾ إِنَّ بَطْشَ
رَبِّكَ لَشَدِيدٌ ﴿١٢﴾ إِنَّهُۥ هُوَ يُبْدِئُ وَيُعِيدُ ﴿١٣﴾ وَهُوَ ٱلْغَفُورُ ٱلْوَدُودُ ﴿١٤﴾
ذُو ٱلْعَرْشِ ٱلْمَجِيدُ ﴿١٥﴾ فَعَّالٌ لِّمَا يُرِيدُ ﴿١٦﴾ هَلْ أَتَىٰكَ حَدِيثُ ٱلْجُنُودِ
﴿١٧﴾ فِرْعَوْنَ وَثَمُودَ ﴿١٨﴾ بَلِ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ فِى تَكْذِيبٍ ﴿١٩﴾ وَٱللَّهُ مِن
وَرَآئِهِم مُّحِيطٌۢ ﴿٢٠﴾ بَلْ هُوَ قُرْءَانٌ مَّجِيدٌ ﴿٢١﴾ فِى لَوْحٍ مَّحْفُوظٍ ﴿٢٢﴾

كافىرلارنىڭ ھالاك بولۇشىغا ئالدىرىمىغىن، ئۇلارغا ئازراق مۆھلەت بەرگىن [17].

## سۈرە بۇرۇج

ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)

بۇرۇجلار *(ئوربىتىلار)* جايلاشقان ئاسمان بىلەن، ئاگاھلاندۇرۇلغان قىيامەت كۈنى بىلەن، جۈمە كۈنى بىلەن، ئەرەفات كۈنى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى [1ـ3]، ئوت كۆيۈپ تۇرغان ئورەكلەرنىڭ ئىگىلىرى ھالاك قىلىندى [5ـ4]. ئۇ چاغدا ئۇلار ئورەكلەرنىڭ لېۋىدە ئۆزلىرىنىڭ مۆمىنلەرنى تىرىك ئوتقا تاشلاۋاتقان قىلمىشىغا قارىشىپ ئولتۇراتتى [6ـ7]، ئۇلار مۆمىنلەردىن پەقەت ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ پادىشاھى بولغان، ھەممىدىن غالىب ۋە مەدھىيەگە لايىق ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانلىقى ئۈچۈنلا ئۆچ ئالغان ئىدى. ھالبۇكى، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [8ـ9]. مۆمىن ئەر-ئاياللارغا زىيانكەشلىك قىلغاندىن كېيىن تەۋبە قىلمىغانلار، شۈبھىسىزكى، جەھەننەمنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ. ئۇلارغا لاۋۇلداپ تۇرغان ئوت بىلەن ئازاب قىلىنىدۇ [10]. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار، شۈبھىسىزكى، ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە سازاۋەر بولىدۇ. بۇ چوڭ بەختتۇر [11]. پەرۋەردىگارىڭنىڭ جازاسى ناھايىتى قاتتىقتۇر [12]. ئاللاھ ھەقىقەتەن يوقتىن بار قىلىدۇ، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرىدۇ [13]. ئاللاھ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، دوست تۇتقۇچىدۇر [14]، ئەرشنىڭ ئىگىسىدۇر، ناھايىتى ئۇلۇغدۇر [15]، خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر [16]. *(ئى مۇھەممەد!)* سەن پىرئەۋن ۋە سەمۇد قوشۇنلىرىنىڭ قىسسىسىدىن خەۋەر تاپتىڭمۇ؟ [17ـ18]. كافىرلار بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالماقتا يوق، داۋاملىق ئىنكار قىلىشىۋاتىدۇ [19]. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغۇچىدۇر [20]. ئەمەلىيەتتە *(ئۇلار ئىنكار قىلغان)* بۇ قۇرئان لەۋھۇلمەھفۇزغا يېزىلغان ئۇلۇغ قۇرئاندۇر [22-21].

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





## سُورَةُ الانشِقَاقِ

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

إِذَا ٱلسَّمَآءُ ٱنشَقَّتۡ ١ وَأَذِنَتۡ لِرَبِّهَا وَحُقَّتۡ ٢ وَإِذَا ٱلۡأَرۡضُ مُدَّتۡ
٣ وَأَلۡقَتۡ مَا فِيهَا وَتَخَلَّتۡ ٤ وَأَذِنَتۡ لِرَبِّهَا وَحُقَّتۡ ٥ يَٰٓأَيُّهَا
ٱلۡإِنسَٰنُ إِنَّكَ كَادِحٌ إِلَىٰ رَبِّكَ كَدۡحٗا فَمُلَٰقِيهِ ٦ فَأَمَّا مَنۡ أُوتِيَ
كِتَٰبَهُۥ بِيَمِينِهِۦ ٧ فَسَوۡفَ يُحَاسَبُ حِسَابٗا يَسِيرٗا ٨ وَيَنقَلِبُ
إِلَىٰٓ أَهۡلِهِۦ مَسۡرُورٗا ٩ وَأَمَّا مَنۡ أُوتِيَ كِتَٰبَهُۥ وَرَآءَ ظَهۡرِهِۦ ١٠ فَسَوۡفَ
يَدۡعُواْ ثُبُورٗا ١١ وَيَصۡلَىٰ سَعِيرًا ١٢ إِنَّهُۥ كَانَ فِيٓ أَهۡلِهِۦ مَسۡرُورًا ١٣
إِنَّهُۥ ظَنَّ أَن لَّن يَحُورَ ١٤ بَلَىٰٓۚ إِنَّ رَبَّهُۥ كَانَ بِهِۦ بَصِيرٗا ١٥ فَلَآ أُقۡسِمُ
بِٱلشَّفَقِ ١٦ وَٱلَّيۡلِ وَمَا وَسَقَ ١٧ وَٱلۡقَمَرِ إِذَا ٱتَّسَقَ ١٨
لَتَرۡكَبُنَّ طَبَقًا عَن طَبَقٖ ١٩ فَمَا لَهُمۡ لَا يُؤۡمِنُونَ ٢٠ وَإِذَا قُرِئَ
عَلَيۡهِمُ ٱلۡقُرۡءَانُ لَا يَسۡجُدُونَ ۩ ٢١ بَلِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ يُكَذِّبُونَ
٢٢ وَٱللَّهُ أَعۡلَمُ بِمَا يُوعُونَ ٢٣ فَبَشِّرۡهُم بِعَذَابٍ أَلِيمٍ ٢٤
إِلَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَهُمۡ أَجۡرٌ غَيۡرُ مَمۡنُونِۭ ٢٥

## سُورَةُ المُطَفِّفِينَ

## سۈرە ئىنشىقاق

ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)

ئاسمان يېرىلغان [1]، پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىنى ئاڭلاپ ئىتائەت قىلغان ۋە شۇنداق قىلىشقا لايىق بولغان چاغدا [2]، زېمىن سوزۇلغان [3]، قويىنىدىكى نەرسىلەرنى *(يەنى ئۆلۈكلەرنى)* سىرتقا چىقىرىپ قۇرۇقدىلىپ قالغان [4]، پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىنى ئاڭلاپ ئىتائەت قىلغان ۋە شۇنداق قىلىشقا لايىق بولغان چاغدا *(ھەربىر ئىنسان ئۆز ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ)* [5]. ئى ئىنسان! سەن ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئالدىغا بارغىنىڭغا قەدەر ناھايىتى جاپالىق ئىشلارنى قىلىسەن، ئاندىن ئەمەلىڭنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىسەن [6]. نامە ـ ئەمالى ئوڭ قولىغا بېرىلگەن ئادەمدىن ئاسان ھېساب ئېلىنىدۇ [7 ـ 8]، ئۇ *(جەننەتتىكى)* ئائىلىسىگە خۇشال ـ خۇرام قايتىدۇ [9]. نامە ـ ئەمالى سول قولىغا بېرىلگەن ئادەم « ۋاي ئۆلەي!» دەپ توۋلاپ، لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ [10 ـ 12]. ئۇ *(دۇنيادىكى چېغىدا)* ئائىلىسىدە شاد ـ خۇرام ئىدى. [13]. ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا قايتمايمەن دەپ ئويلايتتى [14]. ئىش ئۇ ئويلىغاندەك ئەمەس ئىدى. پەرۋەردىگارى ھەقىقەتەن ئۇنى كۆرۈپ تۇرغان ئىدى [15]. كەچكى شەپەق بىلەن، كېچە ۋە ئۇنىڭ قاراڭغۇلۇقى باسقان نەرسىلەر بىلەن، تولۇن ئاي بىلەن قەسەم قىلىمەنكى [16 ـ 18]، سىلەر جەزمەن بىر باسقۇچتىن يەنە بىر باسقۇچقا يۆتكىلىپ تۇرىسىلەر [19]. ئۇلار *(يەنى مۇشرىكلار)* نېمىشقا ئىمان ئېيتمايدۇ؟ [20]. ئۇلارغا قۇرئان ئوقۇپ بېرىلگەن چاغدا نېمىشقا سەجدە قىلمايدۇ؟ [21]. ئەكسىچە، كافىرلار قۇرئاننى يالغان دەيدۇ [22]. ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى يوشۇرۇن نەرسىلەرنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ [23]. *(ئى مۇھەممەد!)* ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بىلەن «خۇش خەۋەر» بەرگىن [24]. پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرلا ئۈزۈلمەس ساۋابقا ئېرىشىدۇ [25].

## سۈرە مۇتەففىفىن

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتىكى
www.uyghurkitap.com





بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

وَيْلٌ لِّلْمُطَفِّفِينَ ١ الَّذِينَ إِذَا اكْتَالُوا عَلَى النَّاسِ يَسْتَوْفُونَ ٢
وَإِذَا كَالُوهُمْ أَو وَّزَنُوهُمْ يُخْسِرُونَ ٣ أَلَا يَظُنُّ أُولَٰئِكَ أَنَّهُم
مَّبْعُوثُونَ ٤ لِيَوْمٍ عَظِيمٍ ٥ يَوْمَ يَقُومُ النَّاسُ لِرَبِّ الْعَالَمِينَ ٦
كَلَّا إِنَّ كِتَابَ الْفُجَّارِ لَفِي سِجِّينٍ ٧ وَمَا أَدْرَاكَ مَا سِجِّينٌ ٨ كِتَابٌ
مَّرْقُومٌ ٩ وَيْلٌ يَوْمَئِذٍ لِّلْمُكَذِّبِينَ ١٠ الَّذِينَ يُكَذِّبُونَ بِيَوْمِ الدِّينِ ١١
وَمَا يُكَذِّبُ بِهِ إِلَّا كُلُّ مُعْتَدٍ أَثِيمٍ ١٢ إِذَا تُتْلَىٰ عَلَيْهِ آيَاتُنَا قَالَ أَسَاطِيرُ
الْأَوَّلِينَ ١٣ كَلَّا ۖ بَلْ ۜ رَانَ عَلَىٰ قُلُوبِهِم مَّا كَانُوا يَكْسِبُونَ ١٤ كَلَّا إِنَّهُمْ
عَن رَّبِّهِمْ يَوْمَئِذٍ لَّمَحْجُوبُونَ ١٥ ثُمَّ إِنَّهُمْ لَصَالُو الْجَحِيمِ ١٦ ثُمَّ يُقَالُ
هَٰذَا الَّذِي كُنتُم بِهِ تُكَذِّبُونَ ١٧ كَلَّا إِنَّ كِتَابَ الْأَبْرَارِ لَفِي عِلِّيِّينَ
١٨ وَمَا أَدْرَاكَ مَا عِلِّيُّونَ ١٩ كِتَابٌ مَّرْقُومٌ ٢٠ يَشْهَدُهُ الْمُقَرَّبُونَ
٢١ إِنَّ الْأَبْرَارَ لَفِي نَعِيمٍ ٢٢ عَلَى الْأَرَائِكِ يَنظُرُونَ ٢٣ تَعْرِفُ فِي
وُجُوهِهِمْ نَضْرَةَ النَّعِيمِ ٢٤ يُسْقَوْنَ مِن رَّحِيقٍ مَّخْتُومٍ ٢٥
خِتَامُهُ مِسْكٌ ۚ وَفِي ذَٰلِكَ فَلْيَتَنَافَسِ الْمُتَنَافِسُونَ ٢٦ وَمِزَاجُهُ
مِن تَسْنِيمٍ ٢٧ عَيْنًا يَشْرَبُ بِهَا الْمُقَرَّبُونَ ٢٨ إِنَّ الَّذِينَ

مد ٦ حركات لزوما • مد ٢ أو ٤ أو ٦ جوازا • مد واجب ٤ أو ٥ حركات • مد حركتان • إخفاء ومواقع الغنة (حركتان) • إدغام، وما لا يلفظ • تفخيم الراء • قلقلة

ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)

ئۆلچەمدە ئادىل بولمىغانلارنىڭ ھالىغا ۋاي! [1]. ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغان چاغدا تولۇق ئالىدۇ [2]، كىشىلەرگە ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەن چاغدا كەم بېرىدۇ [3]. ئۇلار بۈيۈك بىر كۈندە تىرىلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەمدۇ؟ [4 ـ 5]. ئۇ كۈندە ئىنسانلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ھۇزۇرىدا تىك تۇرىدۇ [6]. ھەقىقەت شۇكى، يامان ئادەملەر *(يەنى كاپىرلار)* نىڭ نامە ـ ئەمالى چوقۇم سىججىندا بولىدۇ [7]. سىججىننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سەن بىلەمسەن؟[8]. ئۇ يامان ئادەملەرنىڭ قىلمىشلىرى خاتىرىلەنگەن دەپتەردۇر [9]. ھەقنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ بۇ كۈندىكى ھالىغا ۋاي! [10]. ئۇلار قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدۇ [11]. ئۇنى پەقەت ھەددىدىن ئاشقان، ئىنتايىن گۇناھكار ئادەملا ئىنكار قىلىدۇ [12]، ئۇنىڭغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئوقۇپ بېرىلسە، ئۇ: «بۇ قەدىمكىلەرنىڭ ھېكايىلىرىدۇر» دەيدۇ [13]. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئەمەلىيەتتە ئۇلار گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن كۆڭلى قارا بولۇپ كەتكەنلەردۇر [14]. ھەقىقەت شۇكى، ئۇلار قىيامەت كۈنىدە پەرۋەردىگارىنى كۆرۈشتىن مەنئى قىلىنغانلاردۇر [15]. ئاندىن ئۇلار ھەقىقەتەن دوزاخقا داخىل بولغۇچىلاردۇر [16]. ئاندىن *(ئۇلارغا)*: «مانا بۇ ـ سىلەر ئىنكار قىلغان ئازاب» دېيىلىدۇ [17]. ھەقىقەت شۇكى، ياخشى بەندىلەرنىڭ نامە ـ ئەمالى چوقۇم ئىللىييۇندا بولىدۇ [18]. ئىللىييۇننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سەن بىلەمسەن؟ [19]. ئۇ ياخشىلارنىڭ ئەمەللىرى خاتىرىلەنگەن دەپتەردۇر [20]. ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ يېقىن پەرىشتىلىرى گۇۋاھ بولىدۇ [21]. ياخشىلار نېمەت ئىچىدە بولىدۇ [22]. ئۇلار تەختلەردە ئولتۇرۇپ، *(بۇ نېمەتلەرگە)* نەزەر سالىدۇ [23]. ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن نېمەتنىڭ خۇشاللىق ئىپادىلىرىنى كۆرىسەن [24]. ئۇلار ئاغزى پېچەتلەنگەن، ئەڭ ئاخىرقى يۇتۇمىمۇ ئىپار پۇرايدىغان ساپ شاراب بىلەن سۇغىرىلىدۇ. *(ياخشى ئىشتا رىقابەتلەشمەكچى بولغانلار)* مۇشۇلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن رىقابەتلەشسۇن! [25 ـ 26]. ئۇ شارابقا تەسنىمنىڭ سۈيى ئارىلاشتۇرۇلغان [27]. تەسنىم جەننەتتىكى بىر بۇلاق بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ يېقىن

www.uyghurkitap.com





أَجْرَمُوا۟ كَانُوا۟ مِنَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ يَضْحَكُونَ ﴿٢٩﴾ وَإِذَا مَرُّوا۟ بِهِمْ
يَتَغَامَزُونَ ﴿٣٠﴾ وَإِذَا ٱنقَلَبُوٓا۟ إِلَىٰٓ أَهْلِهِمُ ٱنقَلَبُوا۟ فَكِهِينَ ﴿٣١﴾
وَإِذَا رَأَوْهُمْ قَالُوٓا۟ إِنَّ هَٰٓؤُلَآءِ لَضَآلُّونَ ﴿٣٢﴾ وَمَآ أُرْسِلُوا۟ عَلَيْهِمْ
حَٰفِظِينَ ﴿٣٣﴾ فَٱلْيَوْمَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ مِنَ ٱلْكُفَّارِ يَضْحَكُونَ ﴿٣٤﴾
عَلَى ٱلْأَرَآئِكِ يَنظُرُونَ ﴿٣٥﴾ هَلْ ثُوِّبَ ٱلْكُفَّارُ مَا كَانُوا۟ يَفْعَلُونَ ﴿٣٦﴾

## سُورَةُ ٱلِانفِطَارِ

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

إِذَا ٱلسَّمَآءُ ٱنفَطَرَتْ ﴿١﴾ وَإِذَا ٱلْكَوَاكِبُ ٱنتَثَرَتْ ﴿٢﴾ وَإِذَا ٱلْبِحَارُ
فُجِّرَتْ ﴿٣﴾ وَإِذَا ٱلْقُبُورُ بُعْثِرَتْ ﴿٤﴾ عَلِمَتْ نَفْسٌ مَّا قَدَّمَتْ
وَأَخَّرَتْ ﴿٥﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلْإِنسَٰنُ مَا غَرَّكَ بِرَبِّكَ ٱلْكَرِيمِ ﴿٦﴾ ٱلَّذِى
خَلَقَكَ فَسَوَّىٰكَ فَعَدَلَكَ ﴿٧﴾ فِىٓ أَىِّ صُورَةٍ مَّا شَآءَ رَكَّبَكَ ﴿٨﴾
كَلَّا بَلْ تُكَذِّبُونَ بِٱلدِّينِ ﴿٩﴾ وَإِنَّ عَلَيْكُمْ لَحَٰفِظِينَ ﴿١٠﴾ كِرَامًا
كَٰتِبِينَ ﴿١١﴾ يَعْلَمُونَ مَا تَفْعَلُونَ ﴿١٢﴾ إِنَّ ٱلْأَبْرَارَ لَفِى نَعِيمٍ ﴿١٣﴾ وَإِنَّ
ٱلْفُجَّارَ لَفِى جَحِيمٍ ﴿١٤﴾ يَصْلَوْنَهَا يَوْمَ ٱلدِّينِ ﴿١٥﴾ وَمَا هُمْ عَنْهَا بِغَآئِبِينَ
﴿١٦﴾ وَمَآ أَدْرَىٰكَ مَا يَوْمُ ٱلدِّينِ ﴿١٧﴾ ثُمَّ مَآ أَدْرَىٰكَ مَا يَوْمُ ٱلدِّينِ

مد ٦ حركات لزوما — مد ٢ أو ٤ أو ٦ جوازا — مد واجب ٤ أو ٥ حركات — مد حركتان — إخفاء، ومواقع الغنة (حركتان) — إدغام، وما لا يلفظ — تفخيم الراء — قلقلة

بەندىلىرى ئىچىدۇ [28]. كافىرلار ھەقىقەتەن مۆمىنلەرنى مەسخىرە قىلىپ كۈلەتتى [29]، مۆمىنلەر ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئۇلار ئۆزئارا كۆز قىسىشاتتى [30]، ئۆيلىرىگە قايتقاندا قىلمىشلىرىدىن ھۇزۇرلانغان ھالدا قايتىشاتتى [31]. مۆمىنلەرنى كۆرگەندە: «بۇلار شەكسىز ئاداشقانلار» دېيىشەتتى [32]. ئۇلار مۆمىنلەرنى كۈزىتىشكە ئەۋەتىلمىگەن [33]. قىيامەت كۈنى بولسا مۆمىنلەر تەختلەر ئۈستىدە كافىرلارنىڭ ھالىغا قاراپ ئولتۇرۇپ، «كافىرلار قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتتۇاتامدۇ؟» دەپ ئۇلارنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشىدۇ [34ـ36].

## سۈرە ئىنفىتار

ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)

ئاسمان يېرىلغان چاغدا [1]، يۇلتۇزلار چېچىلغان چاغدا [2]، دېڭىزلار بىر ـ بىرىگە قوشۇلغان چاغدا [3]، قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەر تىرىلدۈرۈپ چىقىرىلغان چاغدا [4]، ھەربىر ئادەم ئىلگىرى ـ كېيىن قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىلىدۇ [5]. ئى ئىنسان! سېنى بېجىرىم، قامىتىڭنى تۈز قىلىپ، ئۆزى خالىغان شەكىلگە كىرگۈزۈپ ياراتقان كەرەملىك پەرۋەردىگارىڭغا ئاسىيلىق قىلىشىڭدا سېنى نېمە قايمۇقتۇردى؟ [6ـ8]. ھەرگىز قايمۇقۇپ قالمىغىن. *(ئى مەككە كافىرلىرى!)* ئەمەلىيەتتە سىلەر دىنىنى ئىنكار قىلىۋاتىسىلەر [9]. ھالبۇكى، سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا ھەقىقەتەن سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى پەرىشتىلەر بار [10]. ئۇلار خاتىرىلىگۈچى ئىززەتلىك پەرىشتىلەر بولۇپ، سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ [11ـ12]. ياخشى ئادەملەرنىڭ ئورنى چوقۇم جەننەت بولىدۇ [13]. يامان ئادەملەرنىڭ ئورنى چوقۇم دوزاخ بولىدۇ [14]. ئۇلار ئۇ دوزاخقا قىيامەت كۈنى كىرىدۇ [15]. ئۇلار ھەرگىز دوزاختىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ [16]. قىيامەت كۈنىنىڭ قانداق دەھشەتلىك كۈن ئىكەنلىكىنى سەن بىلەمسەن؟ [17]. يەنە قىيامەت كۈنىنىڭ قانداق دەھشەتلىك كۈن ئىكەنلىكىنى سەن بىلەمسەن؟ [18]. ئۇ كۈندە بىر ئادەم يەنە بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com





١٨ يَوْمَ لَا تَمْلِكُ نَفْسٌ لِّنَفْسٍ شَيْـًٔا وَالْأَمْرُ يَوْمَئِذٍ لِّلَّهِ ١٩

## سُورَةُ التَّكْوِيرِ

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

إِذَا الشَّمْسُ كُوِّرَتْ ١ وَإِذَا النُّجُومُ انكَدَرَتْ ٢ وَإِذَا الْجِبَالُ
سُيِّرَتْ ٣ وَإِذَا الْعِشَارُ عُطِّلَتْ ٤ وَإِذَا الْوُحُوشُ حُشِرَتْ
٥ وَإِذَا الْبِحَارُ سُجِّرَتْ ٦ وَإِذَا النُّفُوسُ زُوِّجَتْ ٧ وَإِذَا
الْمَوْءُودَةُ سُئِلَتْ ٨ بِأَيِّ ذَنبٍ قُتِلَتْ ٩ وَإِذَا الصُّحُفُ نُشِرَتْ
١٠ وَإِذَا السَّمَاءُ كُشِطَتْ ١١ وَإِذَا الْجَحِيمُ سُعِّرَتْ ١٢ وَإِذَا الْجَنَّةُ
أُزْلِفَتْ ١٣ عَلِمَتْ نَفْسٌ مَّا أَحْضَرَتْ ١٤ فَلَا أُقْسِمُ بِالْخُنَّسِ ١٥
الْجَوَارِ الْكُنَّسِ ١٦ وَاللَّيْلِ إِذَا عَسْعَسَ ١٧ وَالصُّبْحِ إِذَا تَنَفَّسَ ١٨
إِنَّهُ لَقَوْلُ رَسُولٍ كَرِيمٍ ١٩ ذِي قُوَّةٍ عِندَ ذِي الْعَرْشِ مَكِينٍ ٢٠ مُّطَاعٍ
ثَمَّ أَمِينٍ ٢١ وَمَا صَاحِبُكُم بِمَجْنُونٍ ٢٢ وَلَقَدْ رَآهُ بِالْأُفُقِ الْمُبِينِ
٢٣ وَمَا هُوَ عَلَى الْغَيْبِ بِضَنِينٍ ٢٤ وَمَا هُوَ بِقَوْلِ شَيْطَانٍ رَّجِيمٍ ٢٥
فَأَيْنَ تَذْهَبُونَ ٢٦ إِنْ هُوَ إِلَّا ذِكْرٌ لِّلْعَالَمِينَ ٢٧ لِمَن شَاءَ مِنكُمْ أَن
يَسْتَقِيمَ ٢٨ وَمَا تَشَاءُونَ إِلَّا أَن يَشَاءَ اللَّهُ رَبُّ الْعَالَمِينَ ٢٩

ئادەمگە قىلچە ياردەم بېرەلمەيدۇ، ئۇ كۈندە ھۆكۈم ئاللاھقا خاستۇر [19]

## سۈرە تەكۋىر

ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)

كۈننىڭ نۇرى ئۆچكەن چاغدا [1]، يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن چاغدا [2]، تاغلار غۇلاپ كۆچكەن چاغدا [3]، بوغاز تۆگىلەرمۇ ئىگىسىز قالغان چاغدا [4]، ياۋايى ھايۋانلار توپلانغان چاغدا [5]، دېڭىزلار ئوت بولۇپ لاۋۇلدىغان چاغدا [6]، جان بىلەن تەن قوشۇلغان چاغدا [7]، تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىز بوۋاقتىن سەن قايسى گۇناھ بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئىدىڭ؟ دەپ سورالغان چاغدا [ـ9]، نامە ـ ئەماللار ئېچىلغان چاغدا [10]، ئاسمان يۈزى ئېچىپ تاشلانغان چاغدا [11]، دوزاخ قىزىتىلغان چاغدا [12]، جەننەت يېقىنلاشتۇرۇلغان چاغدا [13]، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى بىلىدۇ [14]. كۈندۈزى يوشۇرۇنغۇچى، پاتىدىغان ۋاقتىدا يوشۇرۇنغۇچى سەييارە يۇلتۇزلار بىلەن قەسەم قىلىمەن [15ـ16]، قاراڭغۇلۇقنى ئېلىپ كەلگەن كېچە بىلەن قەسەم قىلىمەن [17]، يورۇشقا باشلىغان سۇبھى بىلەن قەسەم قىلىمەن [18]، قۇرئان ھەقىقەتەن ئىززەتلىك بىر ئەلچى *( يەنى جىبرىئىل)* ئاللاھتىن ئېلىپ كەلگەن سۆزدۇر [19]. ئۇ ئەلچى كۈچلۈكتۇر، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەرتىۋىلىكتۇر [20]. پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىدۇر. بۇ يەردە ئۇ ئىشەنچلىكتۇر [21]. سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار *(مۇھەممەد)* مەجنۇن ئەمەستۇر [22]. ئۇ *(يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)* جىبرىئىلنى ھەقىقەتەن روشەن ئۇپۇقتا كۆردى [23]. ئۇ غەيب *(ۋەھيى)* نى يەتكۈزۈشتە بېخىل ئەمەستۇر [24]. قۇرئان قوغلاندى شەيتاننىڭ سۆزى ئەمەستۇر [25]. شۇنداق تۇرسا، سىلەر قەيەرگە كېتىپ بارىسىلەر؟ [26]. قۇرئان پۈتۈن ئەھلى جاھانغا پەقەتلا نەسىھەتتۇر [27]، بولۇپمۇ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى توغرا يولدا بولۇشنى خالايدىغانلارغا نەسىھەتتۇر [28]. پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئىرادە قىلغاندىلا، ئاندىن سىلەر توغرا يولدا بولۇشنى خالايسىلەر[29].

# سُورَةُ عَبَسَ

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

عَبَسَ وَتَوَلَّىٰٓ ١ أَن جَآءَهُ ٱلۡأَعۡمَىٰ ٢ وَمَا يُدۡرِيكَ لَعَلَّهُۥ يَزَّكَّىٰٓ ٣ أَوۡ
يَذَّكَّرُ فَتَنفَعَهُ ٱلذِّكۡرَىٰٓ ٤ أَمَّا مَنِ ٱسۡتَغۡنَىٰ ٥ فَأَنتَ لَهُۥ تَصَدَّىٰ ٦
وَمَا عَلَيۡكَ أَلَّا يَزَّكَّىٰ ٧ وَأَمَّا مَن جَآءَكَ يَسۡعَىٰ ٨ وَهُوَ يَخۡشَىٰ ٩ فَأَنتَ
عَنۡهُ تَلَهَّىٰ ١٠ كَلَّآ إِنَّهَا تَذۡكِرَةٞ ١١ فَمَن شَآءَ ذَكَرَهُۥ ١٢ فِي صُحُفٖ مُّكَرَّمَةٖ
١٣ مَّرۡفُوعَةٖ مُّطَهَّرَةِۭ ١٤ بِأَيۡدِي سَفَرَةٖ ١٥ كِرَامِۭ بَرَرَةٖ ١٦ قُتِلَ ٱلۡإِنسَٰنُ
مَآ أَكۡفَرَهُۥ ١٧ مِنۡ أَيِّ شَيۡءٍ خَلَقَهُۥ ١٨ مِن نُّطۡفَةٍ خَلَقَهُۥ فَقَدَّرَهُۥ ١٩ ثُمَّ
ٱلسَّبِيلَ يَسَّرَهُۥ ٢٠ ثُمَّ أَمَاتَهُۥ فَأَقۡبَرَهُۥ ٢١ ثُمَّ إِذَا شَآءَ أَنشَرَهُۥ ٢٢ كَلَّا لَمَّا
يَقۡضِ مَآ أَمَرَهُۥ ٢٣ فَلۡيَنظُرِ ٱلۡإِنسَٰنُ إِلَىٰ طَعَامِهِۦٓ ٢٤ أَنَّا صَبَبۡنَا ٱلۡمَآءَ صَبّٗا
٢٥ ثُمَّ شَقَقۡنَا ٱلۡأَرۡضَ شَقّٗا ٢٦ فَأَنۢبَتۡنَا فِيهَا حَبّٗا ٢٧ وَعِنَبٗا وَقَضۡبٗا ٢٨
وَزَيۡتُونٗا وَنَخۡلٗا ٢٩ وَحَدَآئِقَ غُلۡبٗا ٣٠ وَفَٰكِهَةٗ وَأَبّٗا ٣١ مَّتَٰعٗا لَّكُمۡ
وَلِأَنۡعَٰمِكُمۡ ٣٢ فَإِذَا جَآءَتِ ٱلصَّآخَّةُ ٣٣ يَوۡمَ يَفِرُّ ٱلۡمَرۡءُ مِنۡ أَخِيهِ ٣٤
وَأُمِّهِۦ وَأَبِيهِ ٣٥ وَصَٰحِبَتِهِۦ وَبَنِيهِ ٣٦ لِكُلِّ ٱمۡرِيٕٖ مِّنۡهُمۡ يَوۡمَئِذٖ شَأۡنٞ
يُغۡنِيهِ ٣٧ وُجُوهٞ يَوۡمَئِذٖ مُّسۡفِرَةٞ ٣٨ ضَاحِكَةٞ مُّسۡتَبۡشِرَةٞ ٣٩ وَوُجُوهٞ

مد ٦ حركات لزوما · مد ٢ أو ٤ أو ٦ جوازا · إخفاء ومواقع الغنة (حركتان) · تفخيم الراء
مد واجب ٤ أو ٥ حركات · مد حركتان · ادغام، وما لا يلفظ · قلقلة

## سۈرە ئەبەسە

ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)

ئۇ *(مۇھەممەد)* يېنىغا ئەما كەلگەنلىكى ئۈچۈن تەرىنى تۈردى ۋە تەتۈر قاردى [1ـ2]. *(ئى مۇھەممەد!)* سەن بىلەمسەن؟ بەلكىم ئۇ *(سەندىن ئالغان مەرىپەت بىلەن گۇناھلىرىدىن)* پاكلىنىپ قىلىشى ياكى ۋەز ـ نەسىھەت ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى مۇمكىن ئىدى [3ـ4]. ئۆزىنى بىھاجەت ھېسابلايدىغان ئادەمگە كەلسەك، سەن ئۇنىڭغا يۈزلىنىۋاتىسەن [5ـ6]. ئۇ *(كۇفرىدىن)* پاكلانمىسا، ساڭا نېمە زىيىنى؟ [7]. ئاللاھتىن قورقۇپ سېنىڭ يېنىڭغا يۈگۈرۈپ كەلگەن كىشىگە كەلسەك [8ـ9]، سەن ئۇنىڭغا قارىمايۋاتىسەن [10]. سەن ئۇنداق قىلمىغىن. بۇ ئايەتلەر ۋەز ـ نەسىھەتتۇر [11]. خالىغان ئادەم ئۇنىڭدىن پەند ـ نەسىھەت ئالىدۇ [12]. ئۇ *(يەنى قۇرئان ئايەتلىرى)* قىممەتلىك، يۇقىرى مەرتىۋىلىك پاك سەھىپىلەرگە ھۆرمەتلىك، ياخشى پۈتۈكچىلەر *(يەنى پەرىشتىلەر)* نىڭ قولى بىلەن يېزىلغاندۇر [13ـ16]. *(كۇفرىلىق قىلغان)* ئىنسانغا لەنەت بولسۇن، ئۇ نېمىدېگەن تۇزكور! [17]. ئاللاھ ئۇنى نېمىدىن ياراتتى؟ [18]. ئاللاھ ئۇنى ئابىمەنىيدىن ياراتتى، ياراتقاندىمۇ ئۇنى ئۆلچەملىك ياراتتى [19]، ئاندىن ئۇنىڭغا *(تۇغۇت)* يولىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى [20]. ئاندىن ئۇنى ۋاپات قىلدۇرۇپ قەبرىگە كىرگۈزدى [21]، ئاندىن ئاللاھ ئۇنى خالىغان ۋاقىتتا تىرىلدۈرىدۇ [22]. ھەقىقەت شۇكى، ئۇ ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى تېخى بەجا كەلتۈرمىدى [23]. ئۇ ئىنسان ئۆزىنىڭ يېمەكلىكلىرىگە قاراپ باقسۇن [24]. بىز زور مىقداردا يامغۇر ياغدۇردۇق [25]، ئاندىن زېمىننى يېرىدۇق ـ دە، سىلەرنىڭ ۋە چارۋىلىرىڭلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا دانلىق زىرائەتنى، ئۈزۈمنى، ئوت ـ چۆپنى، زەيتۇننى، خورمىنى، باغچىلارنى ھاسىل قىلغان قويۇق دەرەخلەرنى، تۈرلۈك مېۋىلەرنى، ئوت ـ چۆپلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردۇق [26ـ32]. قۇلاقنى گاس قىلغۇدەك قاتتىق ئاۋاز ئاڭلانغان چاغدا يۈز بېرىدىغان قىيامەت كۈنىدە ھەر قانداق كىشى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىدىن، ئانىسىدىن، ئاتىسىدىن، خوتۇنىدىن ۋە بالىلىرىدىنمۇ قاچىدۇ [33ـ36]. ئۇ كۈندە ھەر قانداق ئادەم ئۆز غېمى بىلەن بولۇپ كېتىدۇ *(ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىغۇدەك ھالى قالمايدۇ)* [37]. ئۇ كۈندە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ يۈزلىرىدىن نۇر، كۈلكە ۋە خۇشال ـ خۇراملىق يېغىپ تۇرىدۇ [38ـ39]. يەنە ئۇ كۈندە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ يۈزى چاڭ ـ توزان بېسىپ [40]، قارىداپ كەتكەن

www.uyghurkitap.com

يَوْمَئِذٍ عَلَيْهَا غَبَرَةٌ ﴿٤٠﴾ تَرْهَقُهَا قَتَرَةٌ ﴿٤١﴾ أُولَٰئِكَ هُمُ الْكَفَرَةُ الْفَجَرَةُ ﴿٤٢﴾

## سُورَةُ النَّازِعَاتِ

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

وَالنَّازِعَاتِ غَرْقًا ﴿١﴾ وَالنَّاشِطَاتِ نَشْطًا ﴿٢﴾ وَالسَّابِحَاتِ سَبْحًا
﴿٣﴾ فَالسَّابِقَاتِ سَبْقًا ﴿٤﴾ فَالْمُدَبِّرَاتِ أَمْرًا ﴿٥﴾ يَوْمَ تَرْجُفُ الرَّاجِفَةُ
﴿٦﴾ تَتْبَعُهَا الرَّادِفَةُ ﴿٧﴾ قُلُوبٌ يَوْمَئِذٍ وَاجِفَةٌ ﴿٨﴾ أَبْصَارُهَا
خَاشِعَةٌ ﴿٩﴾ يَقُولُونَ أَإِنَّا لَمَرْدُودُونَ فِي الْحَافِرَةِ ﴿١٠﴾ أَإِذَا كُنَّا
عِظَامًا نَخِرَةً ﴿١١﴾ قَالُوا تِلْكَ إِذًا كَرَّةٌ خَاسِرَةٌ ﴿١٢﴾ فَإِنَّمَا هِيَ زَجْرَةٌ
وَاحِدَةٌ ﴿١٣﴾ فَإِذَا هُمْ بِالسَّاهِرَةِ ﴿١٤﴾ هَلْ أَتَاكَ حَدِيثُ مُوسَىٰ ﴿١٥﴾
إِذْ نَادَاهُ رَبُّهُ بِالْوَادِ الْمُقَدَّسِ طُوًى ﴿١٦﴾ اذْهَبْ إِلَىٰ فِرْعَوْنَ إِنَّهُ طَغَىٰ ﴿١٧﴾
فَقُلْ هَلْ لَكَ إِلَىٰ أَنْ تَزَكَّىٰ ﴿١٨﴾ وَأَهْدِيَكَ إِلَىٰ رَبِّكَ فَتَخْشَىٰ ﴿١٩﴾ فَأَرَاهُ
الْآيَةَ الْكُبْرَىٰ ﴿٢٠﴾ فَكَذَّبَ وَعَصَىٰ ﴿٢١﴾ ثُمَّ أَدْبَرَ يَسْعَىٰ ﴿٢٢﴾ فَحَشَرَ
فَنَادَىٰ ﴿٢٣﴾ فَقَالَ أَنَا رَبُّكُمُ الْأَعْلَىٰ ﴿٢٤﴾ فَأَخَذَهُ اللَّهُ نَكَالَ الْآخِرَةِ وَالْأُولَىٰ
﴿٢٥﴾ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَعِبْرَةً لِمَنْ يَخْشَىٰ ﴿٢٦﴾ أَأَنْتُمْ أَشَدُّ خَلْقًا أَمِ السَّمَاءُ بَنَاهَا
﴿٢٧﴾ رَفَعَ سَمْكَهَا فَسَوَّاهَا ﴿٢٨﴾ وَأَغْطَشَ لَيْلَهَا وَأَخْرَجَ ضُحَاهَا ﴿٢٩﴾

بولىدۇ [41]. ئەنە شۇلار ھەم كاپىر ھەم گۇناھكار كىشىلەردۇر[42].

## سۈرە نازىئات

ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)

*(جاننى)* قاتتىق تارتىپ ئالغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەم
قىلىمەن [1]، سىلىق ئالغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەم
قىلىمەن [2]، *(ئاللاھنىڭ ئەمرىنى)* تېز ئەپچۈشكۈچى پەرىشتىلەر
بىلەن قەسەم قىلىمەن [3]، *(جانلارنى ئېلىپ)* تېز ئىلگىرلىگۈچى
پەرىشتىلەر بىلەن قەسەم قىلىمەن [4]، *(ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن)*
كائىناتنىڭ ئىشلىرىغا تەدبىر قوللانغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن
قەسەم قىلىمەنكى [5]، بۇ قىيامەت كۈنىدە *(بىرىنچى سۇر*
*چېلىنىشى بىلەن)* بارلىق شەيئىلەر تەۋرەپ *(ھالاك بولۇپ)* كېتىدۇ
[6]، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئىككىنچى سۇر چېلىنىدۇ *(بۇنىڭ بىلەن*
*ئۆلگەنلەر تىرىلىدۇ)* [7]، بۇ كۈندە دىللارنى قورقۇنچ باسىدۇ [8].
قورققۇچىلارنىڭ كۆزلىرىدە قورقۇنچ ئەكس ئېتىدۇ [9].
قىيامەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار: «بىز چىرىگەن سۆڭەك بولۇپ
كەتسەكمۇ، راستىنلا يەنە ئاۋۋالقى ھالىتىمىزگە قايتۇرۇلامدۇق؟»
دېيىشىۋاتىدۇ [10 ـ 11]. ئۇلار يەنە: « ئۇنداق بولىدىغان بولسا، بۇ
زىيان كەلتۈرىدىغان قايتىش ئىكەنغۇ!» دېدى [12]. ئۇ تىرىلىش
بىرلا ئاۋاز بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەممە خالايىق يەر
يۈزىگە چىقىپ قالىدۇ [13 ـ 14]. *(ئى مۇھەممەد!)* ساڭا مۇسانىڭ
خەۋىرى كەلدىمۇ؟ [15]. ئۆز ۋاقتىدا ئۇنى پەرۋەردىگارى تۇۋا
ناملىق مۇقەددەس ۋادىدا مۇنداق دەپ نىدا قىلغان ئىدى [16]:
«سەن پىرئەۋننىڭ قېشىغا بارغىن، ئۇ ھەقىقەتەن ھەددىدىن
ئاشتى [17]. ئۇنىڭغا: «سەن كۇفرىدىن پاك بولۇشنى
خالامسەن؟ [18]. سېنى پەرۋەردىگارىمنى تونۇشقا
يېتەكلىشىمنى خالامسەن؟ شۇنداق قىلساڭ،
*(پەرۋەردىگارىڭدىن)* قورقىدىغان بولىسەن دېگىن» [19]. مۇسا
پىرئەۋنگە چوڭ مۆجىزىنى كۆرسەتتى [20]. پىرئەۋن مۇسانى
يالغانچى دېدى ۋە *(ئاللاھقا)* ئاسىيلىق قىلدى [21]، ئاندىن
پىرئەۋن كەينىگە بۇرۇلۇپ تېز ـ تېز مېڭىپ كەتتى [22].
ئۇ ئۆز تەۋەلىرىنى توپلاپ ۋە نىدا قىلىپ [23] : «مەن
سىلەرنىڭ بۈيۈك پەرۋەردىگارىڭلار بولىمەن» دېدى [24]. ئاللاھ
ئۇنى كېيىنكى ۋە ئىلگىرىكى گۇناھلىرى ئۈچۈن قاتتىق جازالىدى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



وَٱلۡأَرۡضَ بَعۡدَ ذَٰلِكَ دَحَىٰهَآ ٣٠ أَخۡرَجَ مِنۡهَا مَآءَهَا وَمَرۡعَىٰهَا ٣١
وَٱلۡجِبَالَ أَرۡسَىٰهَا ٣٢ مَتَٰعٗا لَّكُمۡ وَلِأَنۡعَٰمِكُمۡ ٣٣ فَإِذَا جَآءَتِ ٱلطَّآمَّةُ
ٱلۡكُبۡرَىٰ ٣٤ يَوۡمَ يَتَذَكَّرُ ٱلۡإِنسَٰنُ مَا سَعَىٰ ٣٥ وَبُرِّزَتِ ٱلۡجَحِيمُ
لِمَن يَرَىٰ ٣٦ فَأَمَّا مَن طَغَىٰ ٣٧ وَءَاثَرَ ٱلۡحَيَوٰةَ ٱلدُّنۡيَا ٣٨ فَإِنَّ ٱلۡجَحِيمَ
هِيَ ٱلۡمَأۡوَىٰ ٣٩ وَأَمَّا مَنۡ خَافَ مَقَامَ رَبِّهِۦ وَنَهَى ٱلنَّفۡسَ عَنِ ٱلۡهَوَىٰ
٤٠ فَإِنَّ ٱلۡجَنَّةَ هِيَ ٱلۡمَأۡوَىٰ ٤١ يَسۡـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلسَّاعَةِ أَيَّانَ مُرۡسَىٰهَا
٤٢ فِيمَ أَنتَ مِن ذِكۡرَىٰهَآ ٤٣ إِلَىٰ رَبِّكَ مُنتَهَىٰهَآ ٤٤ إِنَّمَآ أَنتَ مُنذِرُ
مَن يَخۡشَىٰهَا ٤٥ كَأَنَّهُمۡ يَوۡمَ يَرَوۡنَهَا لَمۡ يَلۡبَثُوٓاْ إِلَّا عَشِيَّةً أَوۡ ضُحَىٰهَا ٤٦

## سُورَةُ النَّبَإِ

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

عَمَّ يَتَسَآءَلُونَ ١ عَنِ ٱلنَّبَإِ ٱلۡعَظِيمِ ٢ ٱلَّذِي هُمۡ فِيهِ مُخۡتَلِفُونَ ٣
كَلَّا سَيَعۡلَمُونَ ٤ ثُمَّ كَلَّا سَيَعۡلَمُونَ ٥ أَلَمۡ نَجۡعَلِ ٱلۡأَرۡضَ مِهَٰدٗا ٦
وَٱلۡجِبَالَ أَوۡتَادٗا ٧ وَخَلَقۡنَٰكُمۡ أَزۡوَٰجٗا ٨ وَجَعَلۡنَا نَوۡمَكُمۡ سُبَاتٗا
٩ وَجَعَلۡنَا ٱلَّيۡلَ لِبَاسٗا ١٠ وَجَعَلۡنَا ٱلنَّهَارَ مَعَاشٗا ١١ وَبَنَيۡنَا
فَوۡقَكُمۡ سَبۡعٗا شِدَادٗا ١٢ وَجَعَلۡنَا سِرَاجٗا وَهَّاجٗا ١٣ وَأَنزَلۡنَا

[25]. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاللاھتىن قورقىدىغانلار ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالىدۇ [26]. *(ئى ئىنسانلار!) سىلەرنى يارىتىش* مۇشكۈلمۇ؟ ياكى ئاسماننى يارىتىش مۇشكۈلمۇ؟ ئاللاھ ئاسماننى ياراتتى [27]، ئۇنى ئېگىز ۋە كەم ـ كۈتىسىز قىلدى [28]، ئۇنىڭ كېچىسىنى قاپقاراڭغۇ، كۈندۈزىنى يوپيورۇق قىلدى [29]، شۇنىڭدىن كېيىن زېمىننى *(ياشاشقا لايىق قىلىپ)* يايدى [30]، زېمىندىن بۇلاقلارنى ئاقتۇردى، ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردى [31]، تاغلارنى مۇقىم قىلدى [32]. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى سىلەرنىڭ ۋە چارۋىلىرىڭلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ياراتتى [33]. قاتتىق ئېغىرچىلىق *(قىيامەت)* كەلگەن كۈندە ئىنسان ياخشى ـ يامان ئىشلىرىنى ئەسلەيدۇ [34 ـ 35]. قارىغۇچىلارغا جەھەننەم ئوچۇق كۆرسىتىلىدۇ [36]. كىمكى چېكىدىن ئاشىدىكەن [37]، دۇنيا تىرىكچىلىكىنى *(ئاخىرەتتىن)* ئارتۇق كۆرىدىكەن [38]، ئۇنىڭ جايى ھەقىقەتەن جەھەننەم بولىدۇ [39]. پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ سوراققا تارتىلىشتىن قورقىدىغان، ئۆزىنى نەپسى خاھىشىغا بېرىلىشتىن چەكلىگەن ئادەمگە كەلسەك [40]، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ جايى جەننەت بولىدۇ [41]. ئۇلار سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ [42]. سەن ئۇنى قانداقمۇ دەپ بېرەلەيسەن؟ [43]. ئۇنى بىلىش پەرۋەردىگارىڭغا خاستۇر [44]. سەن پەقەتلا قىيامەتتىن قورقىدىغان ئادەمنى ئاگاھلاندۇرغۇچىسەن [45]. ئۇلار قىيامەتنى كۆرگەن كۈندە، ئۆزىنى *(دۇنيادا)* بىر كەچقۇرۇن ياكى بىر ئەتىگەن ياشىغاندەكلا ھېس قىلىدۇ [46].

## سۈرە نەبە

ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)

*(مۇشرىكلار ئۆزئارا نېمە توغرۇلۇق)* سورىشىۋاتىدۇ؟ [1]. ئۇلار ئۆزلىرى ھەر خىل پىكىردە بولۇۋاتقان *(قىيامەتتىن ئىبارەت)* بىر چوڭ خەۋەر توغرۇلۇق سورىشىۋاتىدۇ [2 ـ 3]. ئۇلار ھەرگىز ئىختىلاپ قىلىشمىسۇن، ئۇلار *(قىيامەتنىڭ ھەقلىقىنى)* كەلگۈسىدە بىلىپ قالىدۇ [4]. يەنى ئۇلار ھەرگىز ئىختىلاپ قىلىشمىسۇن، ئۇلار *(قىيامەتنىڭ ھەقلىقىنى)* كەلگۈسىدە بىلىپ قالىدۇ[5]. بىز زېمىننى *(ياشاشقا)* قولايلىق قىلىپ بەرمىدۇقمۇ؟ [6]. *(زېمىننىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن)* تاغلارنى قوزۇق قىلمىدۇقمۇ؟ [7]. بىز سىلەرنى ئەر ـ ئايال قىلىپ ياراتتۇق [8]، ئۇيقۇڭلارنى راھەت قىلدۇق [9]، كېچىنى كىيىمدەك *(سىلەرنى يېپىپ*

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مِنَ ٱلْمُعْصِرَٰتِ مَآءً ثَجَّاجًا ﴿١٤﴾ لِّنُخْرِجَ بِهِۦ حَبًّا وَنَبَاتًا ﴿١٥﴾ وَجَنَّٰتٍ
أَلْفَافًا ﴿١٦﴾ إِنَّ يَوْمَ ٱلْفَصْلِ كَانَ مِيقَٰتًا ﴿١٧﴾ يَوْمَ يُنفَخُ فِى ٱلصُّورِ
فَتَأْتُونَ أَفْوَاجًا ﴿١٨﴾ وَفُتِحَتِ ٱلسَّمَآءُ فَكَانَتْ أَبْوَٰبًا ﴿١٩﴾ وَسُيِّرَتِ
ٱلْجِبَالُ فَكَانَتْ سَرَابًا ﴿٢٠﴾ إِنَّ جَهَنَّمَ كَانَتْ مِرْصَادًا ﴿٢١﴾ لِّلطَّٰغِينَ
مَـَٔابًا ﴿٢٢﴾ لَّٰبِثِينَ فِيهَآ أَحْقَابًا ﴿٢٣﴾ لَّا يَذُوقُونَ فِيهَا بَرْدًا وَلَا شَرَابًا
﴿٢٤﴾ إِلَّا حَمِيمًا وَغَسَّاقًا ﴿٢٥﴾ جَزَآءً وِفَاقًا ﴿٢٦﴾ إِنَّهُمْ كَانُوا۟
لَا يَرْجُونَ حِسَابًا ﴿٢٧﴾ وَكَذَّبُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَا كِذَّابًا ﴿٢٨﴾ وَكُلَّ شَىْءٍ
أَحْصَيْنَٰهُ كِتَٰبًا ﴿٢٩﴾ فَذُوقُوا۟ فَلَن نَّزِيدَكُمْ إِلَّا عَذَابًا ﴿٣٠﴾
إِنَّ لِلْمُتَّقِينَ مَفَازًا ﴿٣١﴾ حَدَآئِقَ وَأَعْنَٰبًا ﴿٣٢﴾ وَكَوَاعِبَ أَتْرَابًا ﴿٣٣﴾ وَكَأْسًا
دِهَاقًا ﴿٣٤﴾ لَّا يَسْمَعُونَ فِيهَا لَغْوًا وَلَا كِذَّٰبًا ﴿٣٥﴾ جَزَآءً مِّن رَّبِّكَ عَطَآءً
حِسَابًا ﴿٣٦﴾ رَّبِّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا ٱلرَّحْمَٰنِ لَا يَمْلِكُونَ
مِنْهُ خِطَابًا ﴿٣٧﴾ يَوْمَ يَقُومُ ٱلرُّوحُ وَٱلْمَلَٰٓئِكَةُ صَفًّا لَّا يَتَكَلَّمُونَ
إِلَّا مَنْ أَذِنَ لَهُ ٱلرَّحْمَٰنُ وَقَالَ صَوَابًا ﴿٣٨﴾ ذَٰلِكَ ٱلْيَوْمُ ٱلْحَقُّ فَمَن
شَآءَ ٱتَّخَذَ إِلَىٰ رَبِّهِۦ مَـَٔابًا ﴿٣٩﴾ إِنَّآ أَنذَرْنَٰكُمْ عَذَابًا قَرِيبًا يَوْمَ
يَنظُرُ ٱلْمَرْءُ مَا قَدَّمَتْ يَدَاهُ وَيَقُولُ ٱلْكَافِرُ يَٰلَيْتَنِى كُنتُ تُرَٰبًۢا ﴿٤٠﴾

*تۇرىدىغان)* قىلىدۇق [10]. بىز كۆندۈزنى تىرىكچىلىك قىلىدىغان ۋاقىت قىلىدۇق [11]. ئۈستۈڭلاردا مۇستەھكەم يەتتە ئاسماننى بىنا قىلدۇق [12]. يېنىپ تۇرغان چىراغ *(قۇياشنى)* ياراتتۇق [13]، ئاشلىقلارنى، ئوت-چۆپلەرنى، باغلاردىكى قويۇق دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بۇلۇتلاردىن مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردۇق [14-16]. ھەق-ناھەق ئايرىلىدىغان قىيامەت كۈنى ھەقىقەتەن مۇئەييەن بىر كۈندۇر [17]. ئۇ كۈنى سۇر چېلىنىشى بىلەنلا، سىلەر توپ-توپ بولۇپ كېلىسىلەر [18]. ئاسمان ئېچىلىپ نۇرغۇن ئىشىكلەر پەيدا بولىدۇ [19]. تاغلار توزۇپ يوروشۇپ، سەراپتەك بولۇپ قالىدۇ [20]. جەھەننەم ھەقىقەتەن كاپىرلارنى كۈتۈپ تۇرىدۇ [21]. ئۇ جەھەننەم كاپىرلارنىڭ جايىدۇر [22]. ئۇلار جەھەننەمدە ئۇزاق مۇددەت قالىدۇ [23]. جەھەننەمدە بىرەر سالقىنغا ۋە *(تەشنالىقنى قاندۇرىدىغان)* بىرەر ئىچىملىككە ئېرىشەلمەيدۇ [24]. ئېرىشىدىغىنى پەقەت يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ ۋە يىرىڭدىنلا ئىبارەت بولىدۇ [25]. بۇ *(ئۇلار ئۈچۈن)* مۇۋاپىق جازادۇر [26]. چۈنكى ئۇلار *(قىلمىشلىرىدىن)* ھېساب ئېلىنىشىنى ئويلىمايتتى [27]، ھەمدە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى قاتتىق ئىنكار قىلاتتى [28]، *(بىز ئۇلارغا)* « بىز ھەربىر ئىشنى تولۇق خاتىرىلەپ قويغان ئىدۇق، ئەمدى سىلەر بۇ ئازابنى تېتىڭلار، بىز سىلەرگە ئازابنىلا كۆپەيتىمىز» *(دەيمىز)* [29- 30]. تەقۋادارلار چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ[31]. ئۇلار ئۈچۈن باغلار، ئۈزۈملەر[32]، كامالىغا يەتكەن تەڭتۇش قىزلار [33]، شاراب تولدۇرۇلغان جاملار بار [34]. ئۇلار جەننەتتە بىھۇدە ۋە يالغان سۆز ئاڭلىمايدۇ [35]. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىڭنىڭ بەرگەن مۇكاپاتى ۋە يېتەرلىك ئىنئامىدۇر [36]. ئۇ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر. *(ئۇ كۈندە)* ھېچ كىشى ئۇنىڭغا گەپ قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ [37]. جىبرىئىل ۋە پەرىشتىلەر سەپ بولۇپ تۇرۇپ كېتىدىغان كۈندە، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىجازىتىگە ئېرىشىپ توغرا گەپنى قىلغانلاردىن باشقا ھېچ كىمنىڭ گەپ قىلىشىغا بولمايدۇ [38]. ئەنە شۇ چوقۇم كېلىدىغان كۈندۇر، خالىغان ئادەم پەرۋەردىگارىغا ئۇلاشتۇرىدىغان يولنى تۇتسۇن [39]. بىز سىلەرنى ھەقىقەتەن يېقىندا يۈز بېرىدىغان ئاخىرەت ئازابىدىن ئاگاھلاندۇردۇق. ئۇ كۈندە كىشى ئىلگىرى قىلغان ئەمەللىرىنى كۆرىدۇ. ھەربىر كاپىر: «كاشكى مەن توپا بولۇپ قالغان بولسامچۇ!» دەپ كېتىدۇ [40].

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com





# سُورَةُ يسٓ

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

يسٓ ﴿١﴾ وَٱلْقُرْءَانِ ٱلْحَكِيمِ ﴿٢﴾ إِنَّكَ لَمِنَ ٱلْمُرْسَلِينَ ﴿٣﴾ عَلَىٰ
صِرَٰطٍ مُّسْتَقِيمٍ ﴿٤﴾ تَنزِيلَ ٱلْعَزِيزِ ٱلرَّحِيمِ ﴿٥﴾ لِتُنذِرَ قَوْمًا مَّآ
أُنذِرَ ءَابَآؤُهُمْ فَهُمْ غَٰفِلُونَ ﴿٦﴾ لَقَدْ حَقَّ ٱلْقَوْلُ عَلَىٰٓ أَكْثَرِهِمْ
فَهُمْ لَا يُؤْمِنُونَ ﴿٧﴾ إِنَّا جَعَلْنَا فِىٓ أَعْنَٰقِهِمْ أَغْلَٰلًا فَهِىَ إِلَى
ٱلْأَذْقَانِ فَهُم مُّقْمَحُونَ ﴿٨﴾ وَجَعَلْنَا مِنۢ بَيْنِ أَيْدِيهِمْ سَدًّا
وَمِنْ خَلْفِهِمْ سَدًّا فَأَغْشَيْنَٰهُمْ فَهُمْ لَا يُبْصِرُونَ ﴿٩﴾ وَسَوَآءٌ
عَلَيْهِمْ ءَأَنذَرْتَهُمْ أَمْ لَمْ تُنذِرْهُمْ لَا يُؤْمِنُونَ ﴿١٠﴾ إِنَّمَا تُنذِرُ
مَنِ ٱتَّبَعَ ٱلذِّكْرَ وَخَشِىَ ٱلرَّحْمَٰنَ بِٱلْغَيْبِ ۖ فَبَشِّرْهُ بِمَغْفِرَةٍ
وَأَجْرٍ كَرِيمٍ ﴿١١﴾ إِنَّا نَحْنُ نُحْىِ ٱلْمَوْتَىٰ وَنَكْتُبُ
مَا قَدَّمُوا۟ وَءَاثَٰرَهُمْ ۚ وَكُلَّ شَىْءٍ أَحْصَيْنَٰهُ فِىٓ إِمَامٍ مُّبِينٍ ﴿١٢﴾
وَٱضْرِبْ لَهُم مَّثَلًا أَصْحَٰبَ ٱلْقَرْيَةِ إِذْ جَآءَهَا ٱلْمُرْسَلُونَ ﴿١٣﴾
إِذْ أَرْسَلْنَآ إِلَيْهِمُ ٱثْنَيْنِ فَكَذَّبُوهُمَا فَعَزَّزْنَا بِثَالِثٍ فَقَالُوٓا۟ إِنَّآ
إِلَيْكُم مُّرْسَلُونَ ﴿١٤﴾ قَالُوا۟ مَآ أَنتُمْ إِلَّا بَشَرٌ مِّثْلُنَا وَمَآ أَنزَلَ

# سۈرە ياسىن

ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)

يا، سىن *(بۇ قۇرئاننىڭ سىرلىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ)* [1]. ھېكمەتلىك قۇرئان بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، *(ئى مۇھەممەد!)* سەن ھەقىقەتەن توغرا يول ئۈستىدىكى پەيغەمبەرلەردىنسەن [2-4]. قۇرئان سېنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ئاگاھلاندۇرۇلمىغانلىقتىن غاپىل قالغان بىر قەۋمنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، ھەممىدىن غالىب، ناھايىتى مېھرىبان ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر [5-6]. قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىگە *(ئۇلارنى ئازابلاش توغرىسىدىكى)* ھۆكۈم ھەقىقەتەن بېكىتىلىپ بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ [7]. بىز ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا ئېڭەكلىرىگىچە تاقاقلارنى سالدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار باشلىرىنى *(ھەقىقەتكە)* ئېگەلمەيدۇ [8]. ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر توسۇق، كەينىدە بىر توسۇق بىنا قىلىپ، ئۇلارنى ئوراپ قويدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار توغرا يولنى كۆرەلمەيدۇ [9]. *(ئى مۇھەممەد!)* سەن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرساڭمۇ، ئاگاھلاندۇرمىساڭمۇ، ئۇلارغا بەرىبىر ئوخشاش، ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ [10]. سەن پەقەت قۇرئانغا ئەگەشكەن، مەرھەمەتلىك ئاللاھنى كۆرمەي تۇرۇپ ئۇنىڭدىن قورققان كىشىنىلا ئاگاھلاندۇرالايسەن. ئۇنىڭغا مەغپىرەت ئېسىل ساۋاب بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن [11]. بىز، شۈبھىسىزكى، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىمىز، ئۇلارنىڭ *(ياخشى-يامان)* ئەمەللىرىنى ۋە ئىزنالىرىنى خاتىرىلەپ قويىمىز. ھەممە شەيئىنى روشەن دەپتەردە *(يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا)* تولۇق خاتىرىلەپ قويغانمىز [12]. ئۇ كاپىرلارغا شەھەر *(يەنى ئەنتاكىيە)* ئاھالىسىنى مىسال قىلىپ كەلتۈرگىن، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا پەيغەمبەرلەر كەلگەن ئىدى [13]. ئەينى زاماندا ئۇلارغا ئىككى پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق. ئۇلار ئۇ ئىككى پەيغەمبەرنى يالغانچى دېدى، ئۈچىنچى پەيغەمبەرنى ئەۋەتىش بىلەن *(ئۇ ئىككىسىنى)* كۈچەيتتۇق. پەيغەمبەرلەر *(ئۇلارغا)*: «بىز ھەقىقەتەن سىلەرگە (يەنى ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەرمىز» دېدى [14].

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ٱلرَّحْمَٰنُ مِن شَيْءٍ إِنْ أَنتُمْ إِلَّا تَكْذِبُونَ ﴿١٥﴾ قَالُوا۟ رَبُّنَا يَعْلَمُ إِنَّآ
إِلَيْكُمْ لَمُرْسَلُونَ ﴿١٦﴾ وَمَا عَلَيْنَآ إِلَّا ٱلْبَلَٰغُ ٱلْمُبِينُ ﴿١٧﴾
قَالُوٓا۟ إِنَّا تَطَيَّرْنَا بِكُمْ ۖ لَئِن لَّمْ تَنتَهُوا۟ لَنَرْجُمَنَّكُمْ وَلَيَمَسَّنَّكُم
مِّنَّا عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿١٨﴾ قَالُوا۟ طَٰٓئِرُكُم مَّعَكُمْ ۚ أَئِن ذُكِّرْتُم ۚ
بَلْ أَنتُمْ قَوْمٌ مُّسْرِفُونَ ﴿١٩﴾ وَجَآءَ مِنْ أَقْصَا ٱلْمَدِينَةِ رَجُلٌ
يَسْعَىٰ قَالَ يَٰقَوْمِ ٱتَّبِعُوا۟ ٱلْمُرْسَلِينَ ﴿٢٠﴾ ٱتَّبِعُوا۟ مَن
لَّا يَسْـَٔلُكُمْ أَجْرًا وَهُم مُّهْتَدُونَ ﴿٢١﴾ وَمَا لِىَ لَآ أَعْبُدُ ٱلَّذِى
فَطَرَنِى وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ ﴿٢٢﴾ ءَأَتَّخِذُ مِن دُونِهِۦٓ ءَالِهَةً إِن
يُرِدْنِ ٱلرَّحْمَٰنُ بِضُرٍّ لَّا تُغْنِ عَنِّى شَفَٰعَتُهُمْ شَيْـًٔا وَلَا
يُنقِذُونِ ﴿٢٣﴾ إِنِّىٓ إِذًا لَّفِى ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ ﴿٢٤﴾ إِنِّىٓ ءَامَنتُ
بِرَبِّكُمْ فَٱسْمَعُونِ ﴿٢٥﴾ قِيلَ ٱدْخُلِ ٱلْجَنَّةَ ۖ قَالَ يَٰلَيْتَ قَوْمِى
يَعْلَمُونَ ﴿٢٦﴾ بِمَا غَفَرَ لِى رَبِّى وَجَعَلَنِى مِنَ ٱلْمُكْرَمِينَ ﴿٢٧﴾
۞ وَمَآ أَنزَلْنَا عَلَىٰ قَوْمِهِۦ مِنۢ بَعْدِهِۦ مِن جُندٍ مِّنَ ٱلسَّمَآءِ وَمَا
كُنَّا مُنزِلِينَ ﴿٢٨﴾ إِن كَانَتْ إِلَّا صَيْحَةً وَٰحِدَةً فَإِذَا هُمْ خَٰمِدُونَ
﴿٢٩﴾ يَٰحَسْرَةً عَلَى ٱلْعِبَادِ ۚ مَا يَأْتِيهِم مِّن رَّسُولٍ إِلَّا كَانُوا۟ بِهِۦ

ئۇلار: «سىلەر پەقەت بىزگە ئوخشاش ئىنسان. مېھرىبان ئاللاھ ھېچ نەرسە نازىل قىلغىنى يوق، سىلەر پەقەت يالغان ئېيتىۋاتىسىلەر» دېدى [15]. ئەلچىلەر: «پەرۋەردىگارىمىز بىلىدۇكى، بىز شەك ـ شۈبھىسىز سىلەرگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەرمىز [16]. بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز پەقەت چۈشىنىشلىك قىلىپ تەبلىغ قىلىشتۇر» دېدى [17]. ئۇلار *(ئەلچىلەرگە)*: «بىز سىلەردىن شۇملۇق ھېس قىلىۋاتىمىز. ئەگەر سىلەر دەۋىتىڭلارنى توختاتمىساڭلار، سىلەرنى چوقۇم چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىمىز ۋە بىزنىڭ قاتتىق جازايىمىزغا ئۇچرايسىلەر» دېدى [18]. ئەلچىلەر: «سىلەرنىڭ شۇملۇقۇڭلار ئۆزۈڭلار بىلەن بىللىدۇر، سىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنسا، ئۇنى قوبۇل قىلماقتا يوق، ئەكسىچە ھەددىڭلاردىن ئېشىۋاتامسىلەر؟» دېدى [19]. شەھەرنىڭ يىراق جايىدىن بىر كىشى يۈگۈرۈپ كېلىپ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىڭلار [20]. توغرا يولدا بولغان، *(ئىمانغا دەۋەت قىلغانلىقىغا)* سىلەردىن ھەق تەلەپ قىلمايدىغان كىشىلەرگە ئەگىشىڭلار [21]. مەن مېنى ياراتقان ۋە سىلەر *(ئۆلگەندىن كېيىن)* دەرگاھىغا قايتىدىغان ئاللاھقا نېمىشقا ئىبادەت قىلماي؟ [22]. مەن ئاللاھتىن باشقىلارنى ئىلاھ قىلىۋالىدىغان بولسام، ئەگەر شەپقەتلىك ئاللاھ ماڭا بىرەر زىيان ـ زەخمەتنى ئىرادە قىلسا ئۇلارنىڭ شاپائىتى ماڭا كېلىدىغان زىيان ـ زەخمەتنى قىلچىمۇ توسۇپ قالالمايدۇ ھەمدە مېنى قۇتقۇزالمايدۇ [23]. ئەگەر ئۇنداق بولسا *(يەنى مەن ئاللاھتىن باشقىنى ئىلاھ قىلىۋالسام)*، مەن ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق گۇمراھلىقتا قالغان بولىمەن [24]. مەن ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىمان ئېيتتىم، مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار» [25]. *(قەۋمى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا)* «جەننەتكە كىرگىن» دېيىلدى، ئۇ: «كاشكى مېنىڭ قەۋمىم پەرۋەردىگارىمنىڭ مېنى كەچۈرۈپ، ھۆرمەتلىك قىلغانلىقىنى بىلگەن بولسىچۇ!» دېدى [26ـ27]. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ قەۋمىنى جازالاشقا ئاسماندىن قوشۇن چۈشۈرمىدۇق، بۇرۇنمۇ *(باشقا قەۋملەر ئۈچۈن)* چۈشۈرمىگەن ئىدۇق [28]. پەقەت بىر ئاۋاز بىلەن تەڭلا ئۇلار قېتىپ قالدى [29]. ئۆزىگە بىرەر پەيغەمبەر كەلسىلا ئۇنى مەسخىرە قىلىشقان بەندىلەرگە ئەپسۇس! [30]. ئۇلار ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن

يَسْتَهْزِءُونَ ﴿٣٠﴾ أَلَمْ يَرَوْا كَمْ أَهْلَكْنَا قَبْلَهُم مِّنَ الْقُرُونِ
أَنَّهُمْ إِلَيْهِمْ لَا يَرْجِعُونَ ﴿٣١﴾ وَإِن كُلٌّ لَّمَّا جَمِيعٌ لَّدَيْنَا مُحْضَرُونَ
﴿٣٢﴾ وَآيَةٌ لَّهُمُ الْأَرْضُ الْمَيْتَةُ أَحْيَيْنَاهَا وَأَخْرَجْنَا مِنْهَا حَبًّا
فَمِنْهُ يَأْكُلُونَ ﴿٣٣﴾ وَجَعَلْنَا فِيهَا جَنَّاتٍ مِّن نَّخِيلٍ
وَأَعْنَابٍ وَفَجَّرْنَا فِيهَا مِنَ الْعُيُونِ ﴿٣٤﴾ لِيَأْكُلُوا مِن ثَمَرِهِ
وَمَا عَمِلَتْهُ أَيْدِيهِمْ ۖ أَفَلَا يَشْكُرُونَ ﴿٣٥﴾ سُبْحَانَ الَّذِي
خَلَقَ الْأَزْوَاجَ كُلَّهَا مِمَّا تُنبِتُ الْأَرْضُ وَمِنْ أَنفُسِهِمْ
وَمِمَّا لَا يَعْلَمُونَ ﴿٣٦﴾ وَآيَةٌ لَّهُمُ اللَّيْلُ نَسْلَخُ مِنْهُ النَّهَارَ
فَإِذَا هُم مُّظْلِمُونَ ﴿٣٧﴾ وَالشَّمْسُ تَجْرِي لِمُسْتَقَرٍّ لَّهَا ۚ
ذَٰلِكَ تَقْدِيرُ الْعَزِيزِ الْعَلِيمِ ﴿٣٨﴾ وَالْقَمَرَ قَدَّرْنَاهُ مَنَازِلَ حَتَّىٰ
عَادَ كَالْعُرْجُونِ الْقَدِيمِ ﴿٣٩﴾ لَا الشَّمْسُ يَنبَغِي لَهَا أَن تُدْرِكَ
الْقَمَرَ وَلَا اللَّيْلُ سَابِقُ النَّهَارِ ۚ وَكُلٌّ فِي فَلَكٍ يَسْبَحُونَ ﴿٤٠﴾
وَآيَةٌ لَّهُمْ أَنَّا حَمَلْنَا ذُرِّيَّتَهُمْ فِي الْفُلْكِ الْمَشْحُونِ ﴿٤١﴾ وَخَلَقْنَا
لَهُم مِّن مِّثْلِهِ مَا يَرْكَبُونَ ﴿٤٢﴾ وَإِن نَّشَأْ نُغْرِقْهُمْ فَلَا صَرِيخَ لَهُمْ
وَلَا هُمْ يُنقَذُونَ ﴿٤٣﴾ إِلَّا رَحْمَةً مِّنَّا وَمَتَاعًا إِلَىٰ حِينٍ ﴿٤٤﴾ وَإِذَا

مد ٦ حركات لزوماً — مد ٢ أو ٤ أو ٦ جوازاً — مد واجب ٤ أو ٥ حركات — مد حركتان — إخفاء ومواقع الغنة (حركتان) — إدغام وما لا يلفظ — تفخيم الراء — قلقلة

نۇرغۇن ئۇممەتلەرنى هالاك قىلغانلىقىمىزنى ـ ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ يېنىغا قايتمايۋاتقانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟ [31]. ئۇلارنىڭ ھەممىسى *(قىيامەت كۈنى)* ھۇزۇرىمىزغا ھازىر قىلىنىدۇ [32]. ئۆلۈك *(يەنى قاقاس)* زېمىننى *(يامغۇر بىلەن)* تىرىلدۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئۇلار يەيدىغان ئاشلىقنى ئۆستۈرگەنلىكىمىز ئۇلارغا *(ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان)* ئالامەتتۇر [33]. بىز ئۇلار مېۋىسىنى يېسۇن دەپ، زېمىندا نۇرغۇنلىغان خورمىلىق ۋە ئۈزۈملۈك باغلارنى بەرپا قىلدۇق ۋە ئۇ باغلاردا بۇلاقلارنى چىقاردۇق. ھالبۇكى، بۇ مېۋىلەرنى ئۇلارنىڭ قوللىرى پەيدا قىلغان ئەمەس، شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇلار *(بۇ نېمەتلەرگە)* شۈكۈر قىلمامدۇ؟ [34-35]. ئاللاھ پاكتۇر، ئۇ بارلىق شەيئىلەرنى جۈپ ياراتتى. زېمىندىن ئۈنۈپ چىقىدىغان نەرسىلەرنىڭ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئۇلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جۈپى بار [36]. ئۇلارغا كېچىمۇ بىر دەلىلكى، بىز ئۇنىڭدىن كۈندۈزنى ئايرىۋەتسەك، ئۇلار شۇ ھامان قاراڭغۇدا قالىدۇ [37]. كۈن بەلگىلەنگەن جايىغا قاراپ سەير قىلىدۇ. بۇ غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھنىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر [38]. بىز ئاي ئۈچۈن ئايلىنىدىغان مەنزىللەرنى بەلگىلىدۇق، ئۇ *(ئاخىرىدا)* خورمىنىڭ قۇرۇپ قالغان شېخىغا ئوخشاش ئىنچىكە بولۇپ قالىدۇ [39]. كۈننىڭ ئايغا يېتىۋېلىشى، كېچىنىڭ كۈندۈزنىڭ ئورنىنى بېسىشى مۇمكىن ئەمەس، ھەربىرى بىر ئوربىتىدا ئۈزۈپ تۇرىدۇ [40]. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى *(نۇھ ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى)* توشقۇزۇلغان كېمىگە چۈشۈرۈشىمىز ئۇلارغا *(قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان)* بىر مۆجىزىدۇر [41]. بىز ئۇلار ئۈچۈن شۇ كېمىگە ئوخشاش چۈشىدىغان نەرسىلەرنى ياراتتۇق [42]. ئەگەر بىز خالىساق ئۇلارنى غەرق قىلىۋېتىمىز، ئۇلارغا ياردەم بەرگۈچىمۇ بولمايدۇ، ئۇلارنى قۇتقۇزغۇچىمۇ بولمايدۇ [43]. پەقەت بىز رەھىم قىلغانلىقىمىز ۋە ئۇلارنى مۇئەييەن مۇددەتكىچە ھاياتتىن بەھرىمەن قىلىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۇلار قۇتقۇزۇلىدۇ [44].

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





قِيلَ لَهُمُ ٱتَّقُوا۟ مَا بَيْنَ أَيْدِيكُمْ وَمَا خَلْفَكُمْ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ ﴿٤٥﴾
وَمَا تَأْتِيهِم مِّنْ ءَايَةٍ مِّنْ ءَايَٰتِ رَبِّهِمْ إِلَّا كَانُوا۟ عَنْهَا مُعْرِضِينَ
﴿٤٦﴾ وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ أَنفِقُوا۟ مِمَّا رَزَقَكُمُ ٱللَّهُ قَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟
لِلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ أَنُطْعِمُ مَن لَّوْ يَشَآءُ ٱللَّهُ أَطْعَمَهُۥٓ إِنْ أَنتُمْ إِلَّا فِى
ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ ﴿٤٧﴾ وَيَقُولُونَ مَتَىٰ هَٰذَا ٱلْوَعْدُ إِن كُنتُمْ صَٰدِقِينَ
﴿٤٨﴾ مَا يَنظُرُونَ إِلَّا صَيْحَةً وَٰحِدَةً تَأْخُذُهُمْ وَهُمْ يَخِصِّمُونَ
﴿٤٩﴾ فَلَا يَسْتَطِيعُونَ تَوْصِيَةً وَلَآ إِلَىٰٓ أَهْلِهِمْ يَرْجِعُونَ ﴿٥٠﴾
وَنُفِخَ فِى ٱلصُّورِ فَإِذَا هُم مِّنَ ٱلْأَجْدَاثِ إِلَىٰ رَبِّهِمْ يَنسِلُونَ
﴿٥١﴾ قَالُوا۟ يَٰوَيْلَنَا مَنۢ بَعَثَنَا مِن مَّرْقَدِنَا ۜ هَٰذَا مَا وَعَدَ ٱلرَّحْمَٰنُ
وَصَدَقَ ٱلْمُرْسَلُونَ ﴿٥٢﴾ إِن كَانَتْ إِلَّا صَيْحَةً
وَٰحِدَةً فَإِذَا هُمْ جَمِيعٌ لَّدَيْنَا مُحْضَرُونَ ﴿٥٣﴾ فَٱلْيَوْمَ لَا تُظْلَمُ
نَفْسٌ شَيْـًٔا وَلَا تُجْزَوْنَ إِلَّا مَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴿٥٤﴾
إِنَّ أَصْحَٰبَ ٱلْجَنَّةِ ٱلْيَوْمَ فِى شُغُلٍ فَٰكِهُونَ ﴿٥٥﴾ هُمْ وَأَزْوَٰجُهُمْ
فِى ظِلَٰلٍ عَلَى ٱلْأَرَآئِكِ مُتَّكِـُٔونَ ﴿٥٦﴾ لَهُمْ فِيهَا فَٰكِهَةٌ وَلَهُم
مَّا يَدَّعُونَ ﴿٥٧﴾ سَلَٰمٌ قَوْلًا مِّن رَّبٍّ رَّحِيمٍ ﴿٥٨﴾ وَٱمْتَٰزُوا۟ ٱلْيَوْمَ

مد ٦ حركات لزوماً — مد ٢ أو ٤ أو ٦ جوازاً — مد واجب ٤ أو ٥ حركات — مد حركتان — إخفاء ومواقع الغنة (حركتان) — إدغام، وما لا يلفظ — تفخيم الراء — قلقلة

ئۇلارغا: «رەھمەتكە ئېرىشىشكە ئۈچۈن ئالدىڭلاردىكىدىن ۋە ئارقاڭلاردىكىدىن *(يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئازابىدىن)* قورقۇڭلار» دېيىلسە، شۇنداقلا پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئايەتلىرىدىن بىرەر ئايەت كەلسىلا، ئۇلار ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ [45ـ46]. ئەگەر ئۇلارغا: «ئاللاھ سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن *(پېقىرلارغا)* سەدىقە قىلىپ بېرىڭلار» دېيىلسە، كاپىرلار مۆمىنلەرگە قارىتىپ: «ئەگەر ئاللاھ خالىسا رىزىق بېرىدىغان ئادەمنى بىز باقامدۇق؟ سىلەر پەقەت روشەن گۇمراھلىقتا ئىكەنسىلەر» دەيدۇ [47]. ئۇلار يەنە: «ئەگەر گېپىڭلار راست بولسا، ئاگاھلاندۇرغان بۇ قىيامەت قاچان بولىدۇ؟» دەيدۇ [48]. ئۇلار *(دۇنيالىق ئىشلار ئۇستىدە)* دەتالاش قىلىشىپ تۇرغان چاغدا، تۇيۇقسىز كېلىپ ئۇلارنى ھالاك قىلىدىغان بىر ئاۋازنىلا كۈتىدۇ [49]. ئۇ ئاۋاز كەلگەندە ئۇلار بىر ـ بىرىگە ۋەسىيەت قالدۇرۇشقىمۇ، ئائىلىسىگە قايتىشقىمۇ قادىر بولالمايدۇ [50]. سۇر چېلىنغان ھامان ئۇلار قەبرىلىرىدىن چىقىپ پەرۋەردىگارى تەرەپكە يۈگۈرەيدۇ [51]. ئۇلار: «ۋاي ئېسىت! بىزنى ئۇخلاۋاتقان يېرىمىزدىن *(يەنى قەبرىمىزدىن)* كىم ئويغىتىۋەتتى؟» دەيدۇ، *(ئۇنىڭغا جاۋابەن)* «مېھرىبان ئاللاھ ئاگاھلاندۇرغان قىيامەت مۇشۇ، پەيغەمبەرلەر راست ئېيتقان» دېيىلىدۇ [52]. پەقەت بىر ئاۋاز بىلەنلا ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ھۇزۇرىمىزغا ھازىر قىلىنىدۇ [53]. ئۇ كۈندە ھېچبىر ئىنسانغا قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ، سىلەرگە پەقەت قىلغان ئىشىڭلارغا يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىلىدۇ [54]. شۈبھىسىزكى، ئۇ كۈندە جەننەت ئەھلى نېمەت ئىچىدە ھۇزۇر سۈرىدۇ [55]. ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ جۈپتلىرى *(جەننەتلەرنىڭ)* سايىلەردە تەختلەرگە يۆلەنگەن ھالدا ئولتۇرىدۇ [56]. ئۇلار ئۈچۈن جەننەتتە تۈرلۈك مېۋىلەر بار، ئۇلار ئۈچۈن جەننەتتە ئۇلارنىڭ كۆڭلى تارتقان نەرسىلەر بولىدۇ [57]. مېھرىبان پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇلارغا سالام دېيىلىدۇ [58]. *(گۇناھكارلارغا)* «ئى گۇناھكارلار *(كاپىرلار!)* بۈگۈن بىر تەرەپكە ئايرىلىڭلار» (دېيىلىدۇ) [59]. سىلەرگە: « ئى ئادەم باللىرى! شەيتانغا چوقۇنماڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاشكارا دۈشمەندۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر» دەپ تەۋسىيە قىلمىدىممۇ؟ [61ـ60].

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com





أَيُّهَا ٱلْمُجْرِمُونَ ﴿٥٩﴾ ۞ أَلَمْ أَعْهَدْ إِلَيْكُمْ يَٰبَنِىٓ ءَادَمَ أَن لَّا
تَعْبُدُوا۟ ٱلشَّيْطَٰنَ ۖ إِنَّهُۥ لَكُمْ عَدُوٌّ مُّبِينٌ ﴿٦٠﴾ وَأَنِ ٱعْبُدُونِى ۚ
هَٰذَا صِرَٰطٌ مُّسْتَقِيمٌ ﴿٦١﴾ وَلَقَدْ أَضَلَّ مِنكُمْ جِبِلًّا كَثِيرًا ۖ
أَفَلَمْ تَكُونُوا۟ تَعْقِلُونَ ﴿٦٢﴾ هَٰذِهِۦ جَهَنَّمُ ٱلَّتِى كُنتُمْ تُوعَدُونَ
﴿٦٣﴾ ٱصْلَوْهَا ٱلْيَوْمَ بِمَا كُنتُمْ تَكْفُرُونَ ﴿٦٤﴾ ٱلْيَوْمَ نَخْتِمُ
عَلَىٰٓ أَفْوَٰهِهِمْ وَتُكَلِّمُنَآ أَيْدِيهِمْ وَتَشْهَدُ أَرْجُلُهُم بِمَا كَانُوا۟
يَكْسِبُونَ ﴿٦٥﴾ وَلَوْ نَشَآءُ لَطَمَسْنَا عَلَىٰٓ أَعْيُنِهِمْ فَٱسْتَبَقُوا۟
ٱلصِّرَٰطَ فَأَنَّىٰ يُبْصِرُونَ ﴿٦٦﴾ وَلَوْ نَشَآءُ لَمَسَخْنَٰهُمْ
عَلَىٰ مَكَانَتِهِمْ فَمَا ٱسْتَطَٰعُوا۟ مُضِيًّا وَلَا يَرْجِعُونَ
﴿٦٧﴾ وَمَن نُّعَمِّرْهُ نُنَكِّسْهُ فِى ٱلْخَلْقِ ۖ أَفَلَا يَعْقِلُونَ ﴿٦٨﴾
وَمَا عَلَّمْنَٰهُ ٱلشِّعْرَ وَمَا يَنۢبَغِى لَهُۥٓ ۚ إِنْ هُوَ إِلَّا ذِكْرٌ وَقُرْءَانٌ مُّبِينٌ
﴿٦٩﴾ لِّيُنذِرَ مَن كَانَ حَيًّا وَيَحِقَّ ٱلْقَوْلُ عَلَى ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٧٠﴾
أَوَلَمْ يَرَوْا۟ أَنَّا خَلَقْنَا لَهُم مِّمَّا عَمِلَتْ أَيْدِينَآ أَنْعَٰمًا فَهُمْ لَهَا
مَٰلِكُونَ ﴿٧١﴾ وَذَلَّلْنَٰهَا لَهُمْ فَمِنْهَا رَكُوبُهُمْ وَمِنْهَا يَأْكُلُونَ ﴿٧٢﴾
وَلَهُمْ فِيهَا مَنَٰفِعُ وَمَشَارِبُ ۖ أَفَلَا يَشْكُرُونَ ﴿٧٣﴾ وَٱتَّخَذُوا۟

شۇبھىسىزكى، شەيتان ئاراڭلاردىن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇردى، ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمىدىڭلارمۇ؟ [62]. مانا بۇ سىلەر ئاگاھلاندۇرۇلغان جەھەننەمدۇر [63]. سىلەر *(دۇنيادىكى چېغىڭلاردا)* كافىر بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن بۈگۈن ئۇنىڭغا كىرىڭلار [64]. شۇ كۈندە ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىنى پېچەتلىۋېتىمىز، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى قوللىرى بىزگە سۆزلەپ بېرىدۇ، پۇتلىرى گۇۋاھلىق بېرىدۇ [65]. ئەگەر بىز خالىساق، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى ئەلۋەتتە يوق قىلىۋېتەتتۇق ـ دە، ئۇلار يول تالىشاتتى، بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلار قانداقمۇ كۆرەلىسۇن؟ [66]. ئەگەر بىز خالىساق، ئۇلارنى ئورۇنلىرىدىلا باشقا نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋېتەتتۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئالدىغىمۇ ماڭالمايتتى، ئارقىغىمۇ قايتالمايتتى [67]. بىز كىمگە ئۆزۈن ئۆمۈر بەرسەك، ئۇنىڭ تېنىنى *(ھەر جەھەتتە)* چېكىندۈرۈۋېتىمىز، ئۇلار بۇنى ئويلاپ باقمامدۇ؟ [68]. بىز مۇھەممەدكە شېئىر تەلىم بەرمىدۇق، ئۇنىڭغا شېئىر مۇناسىپمۇ ئەمەس. ئۇنىڭ يەتكۈزۈۋاتقىنى پەقەت تىرىكلەرنى *(يەنى ئىمان ئېيتقانلارنى)* ئاگاھلاندۇرۇش، كافىرلارغا ئازابنىڭ ھەقلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن نازىل بولغان نەسىھەت ۋە روشەن قۇرئاندۇر [69ـ70]. ئۇلار بىلمەمدۇكى، بىز ئۇلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن چارۋىلارنى قۇدرىتىمىز بىلەن ياراتتۇق، ئۇلار ئۇ چارۋىلارغا ئىگىدارلىق قىلغۇچىلاردۇر [71]. ئۇ چارۋىلارنى ئۇلارغا بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، ئۇلار ئۇ چارۋىلارنىڭ بەزىسىنى مىنىدۇ، بەزىسىنىڭ گۆشىنى يەيدۇ [72]. ئۇلار شۇ چارۋىلاردىن پايدىلىنىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ سۈتلىرىنى ئىچىدۇ. ئۇلار بۇ نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلمامدۇ؟ [73]. مۇشرىكلار ياردەمگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىپ، ئاللاھنى قويۇپ باشقا مەبۇدلارنى ئىلاھ قىلىۋالدى [74]. ئۇ مەبۇدلار ئۇلارغا ياردەم بېرەلمەيدۇ. ئۇلار شۇ مەبۇدلارنى قوغداش ئۈچۈن ھازىرلانغان قوشۇندۇر [75]. *(ئى مۇھەممەد!)* ئۇلارنىڭ بىھۇدە سۆزلىرى سېنى غەمكىن قىلمىسۇن. بىز ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا قىلغان ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرىمىز [76].

www.uyghurkitap.com



مِن دُونِ ٱللَّهِ ءَالِهَةً لَّعَلَّهُمْ يُنصَرُونَ ﴿٧٤﴾ لَا يَسْتَطِيعُونَ
نَصْرَهُمْ وَهُمْ لَهُمْ جُندٌ مُّحْضَرُونَ ﴿٧٥﴾ فَلَا يَحْزُنكَ قَوْلُهُمْ
إِنَّا نَعْلَمُ مَا يُسِرُّونَ وَمَا يُعْلِنُونَ ﴿٧٦﴾ أَوَلَمْ يَرَ ٱلْإِنسَٰنُ أَنَّا
خَلَقْنَٰهُ مِن نُّطْفَةٍ فَإِذَا هُوَ خَصِيمٌ مُّبِينٌ ﴿٧٧﴾ وَضَرَبَ لَنَا
مَثَلًا وَنَسِىَ خَلْقَهُۥ قَالَ مَن يُحْىِ ٱلْعِظَٰمَ وَهِىَ رَمِيمٌ ﴿٧٨﴾
قُلْ يُحْيِيهَا ٱلَّذِىٓ أَنشَأَهَآ أَوَّلَ مَرَّةٍ وَهُوَ بِكُلِّ خَلْقٍ عَلِيمٌ
﴿٧٩﴾ ٱلَّذِى جَعَلَ لَكُم مِّنَ ٱلشَّجَرِ ٱلْأَخْضَرِ نَارًا فَإِذَآ أَنتُم
مِّنْهُ تُوقِدُونَ ﴿٨٠﴾ أَوَلَيْسَ ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ
بِقَٰدِرٍ عَلَىٰٓ أَن يَخْلُقَ مِثْلَهُم ۚ بَلَىٰ وَهُوَ ٱلْخَلَّٰقُ ٱلْعَلِيمُ ﴿٨١﴾
إِنَّمَآ أَمْرُهُۥٓ إِذَآ أَرَادَ شَيْـًٔا أَن يَقُولَ لَهُۥ كُن فَيَكُونُ ﴿٨٢﴾
فَسُبْحَٰنَ ٱلَّذِى بِيَدِهِۦ مَلَكُوتُ كُلِّ شَىْءٍ وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ ﴿٨٣﴾

ئىنسان بىلمەمدۇكى، بىز ھەقىقەتەن ئۇنى ئابىمەنىيدىن ياراتقان ئىدۇق، ئەمدى بولسا ئۇ ئاشكارا خۇسۇمەتچى بولۇپ، ئۆزىنىڭ يارىتىلغانلىقىنى ئۇنتۇغان ھالدا بىزگە مىسال كەلتۈرۈپ: «بۇ چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى كىم تىرىلدۇرەلەيدۇ؟» دېدى [77ـ78]. ئېيتقىنكى، «ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۇرىدۇ، ئۇ ھەرقانداق يارىتىشنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر» [79]. ئاللاھ سىلەر ئۈچۈن يېشىل دەرەختىن ئوت پەيدا قىلدى. سىلەر ئۇنىڭ بىلەن ئوت ياقىسىلەر [80]. ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان زات ئۇلارنىڭ ئوخشىشىنى يارىتىشقا قادىر ئەمەسمۇ؟ ئۇ بۇنىڭغا قادىر. ئاللاھ ئاجايىپ ياراتقۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر [81]. ئاللاھ بىرەر شەيئىنى يارىتىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا «ۋۇجۇدقا كەل» دەيدۇ ـ دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ [82]. ئاللاھ پاكتۇركى، ھەربىر نەرسىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ئۇنىڭ ئىلكىدىدۇر، سىلەر *(ئۆلگەندىن كېيىن)* ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر [83].

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# سُورَةُ الرَّحْمَٰنِ

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ٱلرَّحْمَٰنُ ﴿١﴾ عَلَّمَ ٱلْقُرْءَانَ ﴿٢﴾ خَلَقَ ٱلْإِنسَٰنَ ﴿٣﴾
عَلَّمَهُ ٱلْبَيَانَ ﴿٤﴾ ٱلشَّمْسُ وَٱلْقَمَرُ بِحُسْبَانٍ ﴿٥﴾ وَٱلنَّجْمُ
وَٱلشَّجَرُ يَسْجُدَانِ ﴿٦﴾ وَٱلسَّمَآءَ رَفَعَهَا وَوَضَعَ ٱلْمِيزَانَ
﴿٧﴾ أَلَّا تَطْغَوْا۟ فِى ٱلْمِيزَانِ ﴿٨﴾ وَأَقِيمُوا۟ ٱلْوَزْنَ بِٱلْقِسْطِ
وَلَا تُخْسِرُوا۟ ٱلْمِيزَانَ ﴿٩﴾ وَٱلْأَرْضَ وَضَعَهَا لِلْأَنَامِ ﴿١٠﴾
فِيهَا فَٰكِهَةٌ وَٱلنَّخْلُ ذَاتُ ٱلْأَكْمَامِ ﴿١١﴾ وَٱلْحَبُّ ذُو ٱلْعَصْفِ
وَٱلرَّيْحَانُ ﴿١٢﴾ فَبِأَىِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿١٣﴾ خَلَقَ
ٱلْإِنسَٰنَ مِن صَلْصَٰلٍ كَٱلْفَخَّارِ ﴿١٤﴾ وَخَلَقَ ٱلْجَآنَّ
مِن مَّارِجٍ مِّن نَّارٍ ﴿١٥﴾ فَبِأَىِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿١٦﴾
رَبُّ ٱلْمَشْرِقَيْنِ وَرَبُّ ٱلْمَغْرِبَيْنِ ﴿١٧﴾ فَبِأَىِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿١٨﴾
مَرَجَ ٱلْبَحْرَيْنِ يَلْتَقِيَانِ ﴿١٩﴾ بَيْنَهُمَا بَرْزَخٌ لَّا يَبْغِيَانِ ﴿٢٠﴾ فَبِأَىِّ ءَالَآءِ
رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٢١﴾ يَخْرُجُ مِنْهُمَا ٱللُّؤْلُؤُ وَٱلْمَرْجَانُ ﴿٢٢﴾ فَبِأَىِّ
ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٢٣﴾ وَلَهُ ٱلْجَوَارِ ٱلْمُنشَـَٔاتُ فِى ٱلْبَحْرِ كَٱلْأَعْلَٰمِ

مد ٦ حركات لزوماً · مد ٢ أو ٤ أو ٦ جوازاً · مد واجب ٤ أو ٥ حركات · مد حركتان · إخفاء، ومواقع الغنة (حركتان) · إدغام، وما لا يلفظ · تفخيم الراء · قلقلة

# سۈرە رەھمان

ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)

ھەممىگە شەپقەتلىك ئاللاھ *(ئىنسانغا)* بىلدۈردى [1ـ2]، ئىنساننى يارىتىپ، ئۇنىڭغا سۆزلەشنى ئۆگەتتى [3ـ4]. كۈن بىلەن ئاي مۇئەييەن ھېساب بويىچە ئايلىنىپ تۇرىدۇ [5]. ئوت ـ چۆپلەر، دەل ـ دەرەخلەرمۇ ئۇنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنىدۇ [6]. ئاللاھ ئاسماننى ئېگىز ياراتتى. ئۆلچەمدە كەم ـ زىيادە قىلماسلىقىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ تارازىنى بېكىتتى [7ـ8]. ئۆلچەمدە ئادىل بولۇڭلار، تارازىدا كەم بەرمەڭلار [9]. ئاللاھ زېمىننى مەخلۇقاتنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ياراتتى [10]. زېمىندا مېۋىلەر، بوغۇنلۇق خورمىلار بار [11]، سامىنى بار دانلىق زىرائەتلەر، خۇش بۇي ئۆسۈملۈكلەر بار [12]. *(ئى ئىنسانلار! جىنلار!)* سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ [13]. ئاللاھ ئىنساننى تاراڭشىغۇدەك قۇرۇغان قارا لايدىن ياراتتى [14]، جىنلارنى ئوتنىڭ يالقۇنىدىن ياراتتى [15]. سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ [16]. ئۇ ئىككى مەشرىق بىلەن ئىككى مەغرىب *(يەنى ياز ۋە قىشتا قۇياش بىلەن ئاي كۆرۈنىدىغان ۋە ئولتۇرۇپ كېتىدىغان جاي)* نىڭ پەرۋەردىگارىدۇر [17]. *(ئى ئىنسانلار! جىنلار!)* سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ [18]. ئۇ *(بىرى تاتلىق، بىرى ئاچچىق)* ئىككى دېڭىزنى ئاققۇزدى، ئۇلار ئۇچرىشىدۇ [19]، ئەمما ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىلاھىي توسۇق بولغاچقا، بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ كەتمەيدۇ [20]. *(ئى ئىنسانلار! جىنلار!)* پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ [21]. ئۇ ئىككى دېڭىزدىن مەرۋايىت بىلەن مارجان چىقىدۇ [22]. *(ئى ئىنسانلار! جىنلار!)* سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ [23]. دېڭىزلاردا قاتناۋاتقان تاغدەك كېمىلەر ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر [24]. *(ئى ئىنسانلار! جىنلار!)* سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ [25]. زېمىننىڭ ئۈستىدىكى ھەممە يوقىلىدۇ [26]. ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك پەرۋەردىگارىڭنىڭ زاتى مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ [27].

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com





﴿٢٤﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٢٥﴾ كُلُّ مَنْ عَلَيْهَا فَانٍ ﴿٢٦﴾ وَيَبْقَىٰ
وَجْهُ رَبِّكَ ذُو ٱلْجَلَٰلِ وَٱلْإِكْرَامِ ﴿٢٧﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ
﴿٢٨﴾ يَسْـَٔلُهُۥ مَن فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۚ كُلَّ يَوْمٍ هُوَ فِى شَأْنٍ ﴿٢٩﴾ فَبِأَىِّ
ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٣٠﴾ سَنَفْرُغُ لَكُمْ أَيُّهَ ٱلثَّقَلَانِ ﴿٣١﴾ فَبِأَىِّ
ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٣٢﴾ يَٰمَعْشَرَ ٱلْجِنِّ وَٱلْإِنسِ إِنِ ٱسْتَطَعْتُمْ
أَن تَنفُذُوا۟ مِنْ أَقْطَارِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ فَٱنفُذُوا۟ ۚ لَا تَنفُذُونَ
إِلَّا بِسُلْطَٰنٍ ﴿٣٣﴾ فَبِأَىِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٣٤﴾ يُرْسَلُ عَلَيْكُمَا
شُوَاظٌ مِّن نَّارٍ وَنُحَاسٌ فَلَا تَنتَصِرَانِ ﴿٣٥﴾ فَبِأَىِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا
تُكَذِّبَانِ ﴿٣٦﴾ فَإِذَا ٱنشَقَّتِ ٱلسَّمَآءُ فَكَانَتْ وَرْدَةً كَٱلدِّهَانِ
﴿٣٧﴾ فَبِأَىِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٣٨﴾ فَيَوْمَئِذٍ لَّا يُسْـَٔلُ عَن ذَنۢبِهِۦٓ
إِنسٌ وَلَا جَآنٌّ ﴿٣٩﴾ فَبِأَىِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٤٠﴾
يُعْرَفُ ٱلْمُجْرِمُونَ بِسِيمَٰهُمْ فَيُؤْخَذُ بِٱلنَّوَٰصِى وَٱلْأَقْدَامِ ﴿٤١﴾ فَبِأَىِّ
ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٤٢﴾ هَٰذِهِۦ جَهَنَّمُ ٱلَّتِى يُكَذِّبُ بِهَا ٱلْمُجْرِمُونَ
﴿٤٣﴾ يَطُوفُونَ بَيْنَهَا وَبَيْنَ حَمِيمٍ ءَانٍ ﴿٤٤﴾ فَبِأَىِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ
﴿٤٥﴾ وَلِمَنْ خَافَ مَقَامَ رَبِّهِۦ جَنَّتَانِ ﴿٤٦﴾ فَبِأَىِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ

*(ئى ئىنسانلار! جىنلار!)* پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ [28]. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە مەۋجۇدات ئاللاھتىن *(ئۆز ئېھتىياجىنى)* تىلەيدۇ، ئاللاھ ھەرۋاقىت بىر ئىش بىلەن بولۇپ تۇرىدۇ [29]. *(ئى ئىنسانلار! جىنلار!)* پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ [30]. ئى ئىنسانلار ۋە جىنلار جامائەسى! سىلەردىن ھېساب ئېلىشقا يۈزلىنىمىز [31]. *(ئى ئىنسانلار! جىنلار!)* سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ [32]. ئى جىنلار ۋە ئىنسانلار جامائەسى! ئەگەر سىلەر ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ چېگرالىرىدىن ئۆتۈپ كېتەلىسەڭلار، ئۆتۈپ كېتىڭلار، سىلەر پەقەت قۇۋۋەت بىلەن ئۆتۈپ كېتەلەيسىلەر[33]. *(ئى ئىنسانلار! جىنلار!)* پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ [34]. *(قىيامەت كۈنى)* سىلەرگە قىزىق ئوتنىڭ يالقۇنى ۋە تۈتۈنى ئەۋەتىلىدۇ، سىلەر ئۆزۈڭلارنى قوغدىيالمايسىلەر [35]. *(ئى ئىنسانلار! جىنلار!)* سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ [36]. *(قىيامەت كۈنى)* ئاسمان يېرىلغان چاغدا، ئاسمان قىزىل چەمدەك قىزىرىپ، قىزىل گۈل رەڭگىگە كىرىپ قالىدۇ [37]. *(ئى ئىنسانلار! جىنلار!)* سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ [38]. بۇ كۈندە ھېچبىر ئىنسان ۋە جىن ئۆزىنىڭ گۇناھى توغرىسىدا *(ۋاقتىنچە)* سوراق قىلىنمايدۇ [39]. *(ئى ئىنسانلار! جىنلار!)* سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ [40]. گۇناھكارلار ئۆزىنىڭ چىرايىدىن تونۇلىدۇ، ئۇلار كوكۇلىسىدىن ۋە پۇتلىرىدىن تۇتۇلۇپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ [41]. *(ئى ئىنسانلار! جىنلار!)* سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ [42]. بۇ گۇناھكارلار ئىنكار قىلىدىغان جەھەننەمدۇر [43]. ئۇلار دوزاختا قايناپ تۇرغان سۇ بىلەن ئوت ئارىسىدا بېرىپ-كېلىپ تۇرىدۇ [44]. *(ئى ئىنسانلار! جىنلار!)* سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ [45]. پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ھېساب بېرىشتىن قورققان ئادەمگە ئىككى جەننەت بار [46]. *(ئى ئىنسانلار! جىنلار!)* سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ [47].

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى www.uyghurkitap.com



﴿٤٧﴾ ذَوَاتَآ أَفۡنَانٖ ﴿٤٨﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٤٩﴾ فِيهِمَا عَيۡنَانِ
تَجۡرِيَانِ ﴿٥٠﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٥١﴾ فِيهِمَا مِن كُلِّ فَٰكِهَةٖ
زَوۡجَانِ ﴿٥٢﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٥٣﴾ مُتَّكِـِٔينَ عَلَىٰ فُرُشِۢ
بَطَآئِنُهَا مِنۡ إِسۡتَبۡرَقٖۚ وَجَنَى ٱلۡجَنَّتَيۡنِ دَانٖ ﴿٥٤﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا
تُكَذِّبَانِ ﴿٥٥﴾ فِيهِنَّ قَٰصِرَٰتُ ٱلطَّرۡفِ لَمۡ يَطۡمِثۡهُنَّ إِنسٞ قَبۡلَهُمۡ
وَلَا جَآنّٞ ﴿٥٦﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٥٧﴾ كَأَنَّهُنَّ ٱلۡيَاقُوتُ
وَٱلۡمَرۡجَانُ ﴿٥٨﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٥٩﴾ هَلۡ جَزَآءُ
ٱلۡإِحۡسَٰنِ إِلَّا ٱلۡإِحۡسَٰنُ ﴿٦٠﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ
﴿٦١﴾ وَمِن دُونِهِمَا جَنَّتَانِ ﴿٦٢﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ
﴿٦٣﴾ مُدۡهَآمَّتَانِ ﴿٦٤﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٦٥﴾ فِيهِمَا
عَيۡنَانِ نَضَّاخَتَانِ ﴿٦٦﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٦٧﴾
فِيهِمَا فَٰكِهَةٞ وَنَخۡلٞ وَرُمَّانٞ ﴿٦٨﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٦٩﴾
فِيهِنَّ خَيۡرَٰتٌ حِسَانٞ ﴿٧٠﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٧١﴾ حُورٞ
مَّقۡصُورَٰتٞ فِي ٱلۡخِيَامِ ﴿٧٢﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٧٣﴾
لَمۡ يَطۡمِثۡهُنَّ إِنسٞ قَبۡلَهُمۡ وَلَا جَآنّٞ ﴿٧٤﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ

مد ٦ حركات لزوماً — مد ٢ أو ٤ أو ٦ جوازاً — مد واجب ٤ أو ٥ حركات — مد حركتان — إخفاء ومواقع الغنة (حركتان) — إدغام وما لا يلفظ — تفخيم الراء — قلقلة

ئۇ ئىككى جەننەتتە تۈرلۈك مېۋىلىك دەرەخلەر بار [48]. *(ئى ئىنسانلار! جىنلار!)* سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ [49]. ئۇ ئىككى جەننەتتە ئېقىپ تۇرغان ئىككى بۇلاق بار [50]. *(ئى ئىنسانلار! جىنلار!)* سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ [51]. ئۇ ئىككى جەننەتتە ھەر مېۋىدىن ئىككى خىلدىن بار [52]. *(ئى ئىنسانلار! جىنلار!)* سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ [53] ئۇلار ئەستەرلىرى قېلىن تاۋاردىن بولغان تۆشەكلەرگە يۆلىنىدۇ، ئىككى جەننەتنىڭ مېۋىسى *(ئادەم قايسى ھالەتتە بولسۇن)* ئۈزۈشكە يېقىندۇر [54]. *(ئى ئىنسانلار! جىنلار!)* سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ [55]. ئۇ جەننەتلەردە ئەرلىرىدىن باشقىلارغا قارىمايدىغان، بۇرۇن ھېچ ئىنسان ۋە جىنمۇ يېقىنچىلىق قىلمىغان ھۆرلەر بار [56]. *(ئى ئىنسانلار! جىنلار!)* سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ [57]. گويا ئۇلار *(سۈزۈكلۈكتە)* ياقۇتتۇر، *(ئاقلىقتا)* مەرۋايىتتۇر [58]. *(ئى ئىنسانلار! جىنلار!)* سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ [59]. ياخشى ئىش قىلغۇچى پەقەت ياخشى مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ [60]. *(ئى ئىنسانلار! جىنلار!)* سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ [61]. ئۇ ئىككى جەننەتتىن باشقا يەنە ئىككى جەننەت بار [62]. *(ئى ئىنسانلار! جىنلار!)* سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ [63]. ئۇ ئىككى جەننەت ياپيېشىلدۇر [64]. *(ئى ئىنسانلار! جىنلار!)* سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ [65]. ئۇ ئىككى جەننەتتە بۇلدۇقلاپ چىقىپ تۇرىدىغان ئىككى بۇلاق بار [66]. *(ئى ئىنسانلار! جىنلار!)* سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ [67]. ئۇ ئىككى جەننەتتە مېۋىلەر، خورمىلار ۋە ئانارلار بار [68]. *(ئى ئىنسانلار! جىنلار!)* سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ [69] ئۇ جەننەتلەردە گۈزەل قىزلار بار [70]. *(ئى ئىنسانلار! جىنلار!)* سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ [71].

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



﴿٧٥﴾ مُتَّكِـِٔينَ عَلَىٰ رَفۡرَفٍ خُضۡرٖ وَعَبۡقَرِيٍّ حِسَانٖ ﴿٧٦﴾ فَبِأَيِّ
ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٧٧﴾ تَبَٰرَكَ ٱسۡمُ رَبِّكَ ذِي ٱلۡجَلَٰلِ وَٱلۡإِكۡرَامِ ﴿٧٨﴾

مد ٦ حركات لزوماً · مد ٢ أو ٤ أو ٦ جوازاً · مد واجب ٤ أو ٥ حركات · مدّ حركتان · إخفاء، ومواقع الغنة (حركتان) · إدغام، وما لا يلفظ · تفخيم الراء · قلقلة

ئۇلار جەننەتنىڭ چېدىرلىرىدا تۇرىدىغان مەستۇرە ھۆرلەردۇر [72]. *(ئى ئىنسانلار! جىنلار!)* سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ [73]. بۇرۇن ئۇلارغا ھېچ ئىنسان ۋە جىنمۇ يېقىنچىلىق قىلمىغان [74]. *(ئى ئىنسانلار! جىنلار!)* سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ [75]. ئۇلار يېشىل ياستۇقلارغا، چىرايلىق بىساتلارغا يۆلەنگەن ھالدا راھەتلىنىدۇ [76]. *(ئى ئىنسانلار! جىنلار!)* سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ [77]. *(ئى مۇھەممەد!)* ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامى ئەڭ ئۇلۇغدۇر[78].

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





# سُورَةُ المُلْكِ

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

تَبَٰرَكَ ٱلَّذِى بِيَدِهِ ٱلْمُلْكُ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ ١ ٱلَّذِى خَلَقَ
ٱلْمَوْتَ وَٱلْحَيَوٰةَ لِيَبْلُوَكُمْ أَيُّكُمْ أَحْسَنُ عَمَلًا ۚ وَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْغَفُورُ ٢
ٱلَّذِى خَلَقَ سَبْعَ سَمَٰوَٰتٍ طِبَاقًا ۖ مَّا تَرَىٰ فِى خَلْقِ ٱلرَّحْمَٰنِ مِن
تَفَٰوُتٍ ۖ فَٱرْجِعِ ٱلْبَصَرَ هَلْ تَرَىٰ مِن فُطُورٍ ٣ ثُمَّ ٱرْجِعِ ٱلْبَصَرَ كَرَّتَيْنِ
يَنقَلِبْ إِلَيْكَ ٱلْبَصَرُ خَاسِئًا وَهُوَ حَسِيرٌ ٤ وَلَقَدْ زَيَّنَّا ٱلسَّمَآءَ
ٱلدُّنْيَا بِمَصَٰبِيحَ وَجَعَلْنَٰهَا رُجُومًا لِّلشَّيَٰطِينِ ۖ وَأَعْتَدْنَا لَهُمْ عَذَابَ
ٱلسَّعِيرِ ٥ وَلِلَّذِينَ كَفَرُوا۟ بِرَبِّهِمْ عَذَابُ جَهَنَّمَ ۖ وَبِئْسَ ٱلْمَصِيرُ
٦ إِذَآ أُلْقُوا۟ فِيهَا سَمِعُوا۟ لَهَا شَهِيقًا وَهِىَ تَفُورُ ٧ تَكَادُ تَمَيَّزُ
مِنَ ٱلْغَيْظِ ۖ كُلَّمَآ أُلْقِىَ فِيهَا فَوْجٌ سَأَلَهُمْ خَزَنَتُهَآ أَلَمْ يَأْتِكُمْ نَذِيرٌ ٨
قَالُوا۟ بَلَىٰ قَدْ جَآءَنَا نَذِيرٌ فَكَذَّبْنَا وَقُلْنَا مَا نَزَّلَ ٱللَّهُ مِن شَىْءٍ إِنْ أَنتُمْ
إِلَّا فِى ضَلَٰلٍ كَبِيرٍ ٩ وَقَالُوا۟ لَوْ كُنَّا نَسْمَعُ أَوْ نَعْقِلُ مَا كُنَّا فِىٓ أَصْحَٰبِ
ٱلسَّعِيرِ ١٠ فَٱعْتَرَفُوا۟ بِذَنۢبِهِمْ فَسُحْقًا لِّأَصْحَٰبِ ٱلسَّعِيرِ ١١
إِنَّ ٱلَّذِينَ يَخْشَوْنَ رَبَّهُم بِٱلْغَيْبِ لَهُم مَّغْفِرَةٌ وَأَجْرٌ كَبِيرٌ ١٢

# سۈرە مۇلك

ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)

مۇتلەق ھۆكۈمرانلىق ئىگىسى بولغان ئاللاھ ئەڭ بۈيۈكتۇر، ئۇ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر [1]. ئۇ سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن ئۆلۈمنى ۋە ھاياتلىقنى ياراتقان زاتتۇر. ئۇ ھەممىدىن غالىبتۇر، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر [2]. ئاللاھ يەتتە ئاسماننى بىرىنى بىرىنىڭ ئۈستىدە قىلىپ ياراتتى. مېھرىبان ئاللاھنىڭ ياراتقانلىرىدىن ھېچقانداق ئېۋەن تاپالمايسەن، سەن *(ئاسمانلارغا)* تەكرار قاراپ باققىنكى، بىرەر نۇقساننى كۆرەمسەنكىن؟ [3]. ئاندىن سەن يەنە ئىككى قېتىم قارىغىن. كۆزۈڭ *(ئاسمانلاردا بىرەر نۇقساننى تېپىشتىن)* ئۈمىد ئۈزگەن ۋە تالغان ھالدا قايتىدۇ [4]. ئەڭ يېقىن ئاسماننى يۇلتۇزلار بىلەن بېزىدۇق ۋە يۇلتۇزلارنى يەنە *(پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشاشقا ئۇرۇنغان)* شەيتانلارغا ئاتىدىغان نەرسە قىلدۇق، شەيتانلارغا يەنە دوزاخ ئازابىنى تەييارلىدۇق [5]. پەرۋەردىگارىنى ئىنكار قىلغان كافىرلار دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ. دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي! [6]. ئۇلار دوزاخقا تاشلانغان چاغدا، قايناپ تۇرغان دوزاخنىڭ (ئېشەك ھاڭرىغاندەك) سەت ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ [7]. دوزاخ غەزەپتىن يېرىلىپ كېتىشكە تاس قالىدۇ. دوزاخقا ھەرقاچان بىر توپ ئادەم تاشلانغان چاغدا، دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: «سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەر كەلمىگەنمىدى؟ » دەپ سورايدۇ [8]. ئۇلار: «ئۇنداق ئەمەس، بىزگە ھەقىقەتەن ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلگەن، بىز ئۇنى يالغانچى دېگەن ھەمدە بىز: ‹ئاللاھ سىلەرگە ھېچ نەرسە نازىل قىلمىغان، سىلەر پەقەت چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتا تۇرۇۋاتىسىلەر› دېگەن ئىدۇق» دەيدۇ [9]. ئۇلار يەنە: «ئەگەر بىز پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ياكى چۈشەنگەن بولساق، ئەھلى دوزاخ قاتارىدا بولماس ئىكەنمىز» دەيدۇ [10]. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئۆزىنىڭ گۇناھىنى تونۇيدۇ، ئەھلى دوزاخ ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولسۇن! [11]. پەرۋەردىگارىنى كۆرمەي تۇرۇپ ئۇنىڭدىن قورققانلار ھەقىقەتەن مەغپىرەت ۋە كاتتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى





وَأَسِرُّوا۟ قَوْلَكُمْ أَوِ ٱجْهَرُوا۟ بِهِۦٓ ۖ إِنَّهُۥ عَلِيمٌۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ﴿١٣﴾ أَلَا
يَعْلَمُ مَنْ خَلَقَ وَهُوَ ٱللَّطِيفُ ٱلْخَبِيرُ ﴿١٤﴾ هُوَ ٱلَّذِى جَعَلَ لَكُمُ
ٱلْأَرْضَ ذَلُولًا فَٱمْشُوا۟ فِى مَنَاكِبِهَا وَكُلُوا۟ مِن رِّزْقِهِۦ ۖ وَإِلَيْهِ ٱلنُّشُورُ
﴿١٥﴾ ءَأَمِنتُم مَّن فِى ٱلسَّمَآءِ أَن يَخْسِفَ بِكُمُ ٱلْأَرْضَ فَإِذَا هِىَ
تَمُورُ ﴿١٦﴾ أَمْ أَمِنتُم مَّن فِى ٱلسَّمَآءِ أَن يُرْسِلَ عَلَيْكُمْ حَاصِبًا ۖ
فَسَتَعْلَمُونَ كَيْفَ نَذِيرِ ﴿١٧﴾ وَلَقَدْ كَذَّبَ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ فَكَيْفَ
كَانَ نَكِيرِ ﴿١٨﴾ أَوَلَمْ يَرَوْا۟ إِلَى ٱلطَّيْرِ فَوْقَهُمْ صَٰٓفَّٰتٍ وَيَقْبِضْنَ ۚ مَا
يُمْسِكُهُنَّ إِلَّا ٱلرَّحْمَٰنُ ۚ إِنَّهُۥ بِكُلِّ شَىْءٍۭ بَصِيرٌ ﴿١٩﴾ أَمَّنْ هَٰذَا ٱلَّذِى
هُوَ جُندٌ لَّكُمْ يَنصُرُكُم مِّن دُونِ ٱلرَّحْمَٰنِ ۚ إِنِ ٱلْكَٰفِرُونَ إِلَّا فِى غُرُورٍ
﴿٢٠﴾ أَمَّنْ هَٰذَا ٱلَّذِى يَرْزُقُكُمْ إِنْ أَمْسَكَ رِزْقَهُۥ ۚ بَل لَّجُّوا۟ فِى عُتُوٍّ
وَنُفُورٍ ﴿٢١﴾ أَفَمَن يَمْشِى مُكِبًّا عَلَىٰ وَجْهِهِۦٓ أَهْدَىٰٓ أَمَّن يَمْشِى سَوِيًّا
عَلَىٰ صِرَٰطٍ مُّسْتَقِيمٍ ﴿٢٢﴾ قُلْ هُوَ ٱلَّذِىٓ أَنشَأَكُمْ وَجَعَلَ لَكُمُ ٱلسَّمْعَ
وَٱلْأَبْصَٰرَ وَٱلْأَفْـِٔدَةَ ۖ قَلِيلًا مَّا تَشْكُرُونَ ﴿٢٣﴾ قُلْ هُوَ ٱلَّذِى ذَرَأَكُمْ
فِى ٱلْأَرْضِ وَإِلَيْهِ تُحْشَرُونَ ﴿٢٤﴾ وَيَقُولُونَ مَتَىٰ هَٰذَا ٱلْوَعْدُ إِن كُنتُمْ
صَٰدِقِينَ ﴿٢٥﴾ قُلْ إِنَّمَا ٱلْعِلْمُ عِندَ ٱللَّهِ وَإِنَّمَآ أَنَا۠ نَذِيرٌ مُّبِينٌ ﴿٢٦﴾

مد ٦ حركات لزوماً · مد ٢ أو ٤ أو ٦ جوازاً · إخفاء، ومواقع الغنة (حركتان) · تفخيم الراء
مد واجب ٤ أو ٥ حركات · مد حركتان · إدغام، وما لا يلفظ · قلقلة

ساۋابقا ئېرىشىدۇ [12]. سىلەر سۆزۈڭلارنى مەخپىي قىلىڭلار ياكى ئاشكارا قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ ھەقىقەتەن دىللاردىكى سىرلارنىمۇ بىلگۈچىدۇر [13]. مەخلۇقاتنى ياراتقان زات بىلمەمدۇ؟ ئۇ شەيئىلەرنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنىمۇ بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر [14]. ئاللاھ زېمىننى سىلەرگە بويسۇنىدىغان قىلىپ بەردى، ئەمدى سىلەر زېمىننىڭ تەرەپ ـ تەرەپلىرىدە مېڭىپ، ئاللاھ بېرىدىغان رىزىقتىن يەڭلار. سىلەر تىرىلگەندىن كېيىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر [15]. *(ئى كافىرلار!)* سىلەر *(ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان)*، ئاسماندىكى *(ھۆكۈمرانلىقنى ھەم يۈرگۈزىدىغان)* زاتنىڭ يەر تەۋرىگەن چاغدا سىلەرنى يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىشىدىن خاتىرجەم بولالامسىلەر؟ [16]. ياكى *(ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان)* ئاسماندىكى *(ھۆكۈمرانلىقنى ھەم يۈرگۈزىدىغان)* زاتنىڭ سىلەرگە تاش ياغدۇرۇشىدىن خاتىرجەم بولالامسىلەر؟ سىلەر يېقىندا مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشۇمنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىسىلەر [17]. شۈبھىسىزكى، ئۇ مەككە مۇشرىكلىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەر *(پەيغەمبەرلىرىنى)* يالغانچى دېگەن ئىدى، مېنىڭ ئۇلارنى جازالىشىم قانداق بولدى؟ [18]. ئۇلار قاناتلىرىنى يايغان ۋە يىغقان ھالدا ئۇستىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلارغا قارىمامدۇ؟ ئۇچۇۋاتقان بۇ قۇشلارنى *(يەرگە چۈشۈپ كېتىشتىن)* پەقەت مېھرىبان ئاللاھلا تۇتۇپ تۇرىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [19]. سىلەرگە مېھرىبان ئاللاھتىن باشقا يەنە كىم ياردەمچى قوشۇن بولالايدۇ؟ كافىرلار پەقەت ئالدىنىش ئىچىدىدۇر [20]. ئەگەر ئاللاھ بېرىۋاتقان رىزقىنى توختىتىپ قويسا، سىلەرگە كىم رىزىق بېرىدۇ؟ ئۇلار *(بۇلارنى ئويلىماقتا يوق)* ئەكسىچە تەكەببۇرلۇقتا، ھەقتىن يىراقلىشىشتا تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەندۇر [21]. يۈزىچە يىقىلىپ يۈرۈپ ماڭغان ئادەمنىڭ يولى توغرىمۇ ياكى قەددىنى رۇس تۇتۇپ تۈز يولدا ماڭغان ئادەمنىڭ يولى توغرىمۇ؟ [22]. *(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا)* ئېيتقىنكى، «ئاللاھ سىلەرنى ياراتتى، سىلەر ئۈچۈن ئاڭلاش، كۆرۈش ۋە تەپەككۇر قىلىش ئەزالىرىنى ياراتتى، سىلەر بولساڭلار ناھايىتى ئاز شۈكۈر قىلىۋاتىسىلەر» [23]. ئېيتقىنكى، «ئاللاھ سىلەرنى يەر يۈزىدە يارىتىپ كۆپەيتتى، سىلەر *(ھېساب بېرىش ئۈچۈن)* ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا توپلىنىسىلەر» [24]. ئۇلار: «ئەگەر سۆزۈڭلار راست بولسا، بۇ ۋەدە قاچان ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ؟» دەيدۇ [25]. *(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا )* : « *(بۇ ھەقتىكى*

www.uyghurkitap.com





فَلَمَّا رَأَوْهُ زُلْفَةً سِيٓـَٔتْ وُجُوهُ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ وَقِيلَ هَٰذَا ٱلَّذِى
كُنتُم بِهِۦ تَدَّعُونَ ﴿٢٧﴾ قُلْ أَرَءَيْتُمْ إِنْ أَهْلَكَنِىَ ٱللَّهُ وَمَن مَّعِىَ
أَوْ رَحِمَنَا فَمَن يُجِيرُ ٱلْكَٰفِرِينَ مِنْ عَذَابٍ أَلِيمٍ ﴿٢٨﴾ قُلْ هُوَ
ٱلرَّحْمَٰنُ ءَامَنَّا بِهِۦ وَعَلَيْهِ تَوَكَّلْنَا ۖ فَسَتَعْلَمُونَ مَنْ هُوَ فِى ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ
﴿٢٩﴾ قُلْ أَرَءَيْتُمْ إِنْ أَصْبَحَ مَآؤُكُمْ غَوْرًا فَمَن يَأْتِيكُم بِمَآءٍ مَّعِينٍۭ ﴿٣٠﴾

مد ٦ حركات لزوما · مد ٢ أو ٤ أو ٦ جوازا · مد واجب ٤ أو ٥ حركات · مد حركتان · إخفاء، ومواقع الغنة (حركتان) · إدغام، وما لا يلفظ · تفخيم الراء · قلقلة

ئىلىم ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر، مەن پەقەت ئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن» دېگىن [26]. كافىرلار ئازابنىڭ ئۆزلىرىگە يېقىن تۇرغانلىقىنى كۆرگەن چاغدا يۈزلىرى قارىداپ كېتىدۇ، ئۇلارغا: «مانا بۇ سىلەر *(دۇنيادىكى چېغىڭلاردا)* تەلەپ قىلغان نەرسىدۇر» دېيىلىدۇ [27]. *(ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا)* ئېيتقىنكى، « ئاللاھ *(سىلەر ئارزۇ قىلغاندەك)* مېنى ۋە مەن بىلەن بىللە بولغانلارنى مەيلى هالاك قىلسۇن ياكى *(هالاك قىلماي)* بىزگە رەھىم قىلسۇن (بۇ ئاللاھنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش). سىلەر دەپ بېقىڭلارچۇ! سىلەردەك كافىرلارنى قاتتىق ئازابتىن كىم قۇتقۇزىدۇ؟» [28]. ئېيتقىنكى، «ئۇ ئاللاھ ناھايىتى مېھرىباندۇر، بىز ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق ۋە ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلدۇق، سىلەر كىمنىڭ روشەن گۇمراھلىقتا ئىكەنلىكىنى كەلگۈسىدە بىلىپ قالىسىلەر» [29]. ئۇلارغا يەنە ئېيتقىنكى، «سۇيۇڭلار سىڭىپ كەتسە، دەپ بېقىڭلارچۇ، سىلەرگە كىم ئېقىن سۇ كەلتۈرۈپ بېرىدۇ؟» [30].

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# 31 ـ دەرس: ئېغىز كۆندۈرۈش مەشقى

## «التمرين الشفوي»

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

### اية الكرسي

اللهُ لاَ إِلَـهَ إِلاَّ هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ لاَ تَأْخُذُهُ سِنَةٌ وَلاَ نَوْمٌ لَّهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الأَرْضِ مَن ذَا الَّذِي يَشْفَعُ عِنْدَهُ إِلاَّ بِإِذْنِهِ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلاَ يُحِيطُونَ بِشَيْءٍ مِّنْ عِلْمِهِ إِلاَّ بِمَا شَاء وَسِعَ كُرْسِيُّهُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ وَلاَ يَؤُودُهُ حِفْظُهُمَا وَهُوَ الْعَلِيُّ الْعَظِيمُ

بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ، ئاسمانلاردىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ (مۈلكى) دۇر، ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن؟ ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى (يەنى دۇنيادا قىلغان)، كەينىدىكى (يەنى ئۇلار ئۆچۈن ئاخىرەتتە

تەييارلىغان) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ مەلۇماتىدىن (ئاللاھ) ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن) باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ، ئاللاھنىڭ كۇرسىسى (مەلۇماتى) ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاسمان-زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر. -سۈرە بەقەرە 255-ئايەت

الاذكار والثناء فى الصلاة

## نامازدىكى زىكرى-تەسبىھ ۋە ھەمدۇ-سانالار

سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ وَبِحَمْدِكَ وَتَبَارَكَ اسْمُكَ وَتَعَالَى جَدُّكَ وَلَا إِلَهَ غَيْرُكَ.

ئى ئاللاھ! بىز سېنى ئەيىب-نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمىز ۋە ساڭا ھەمدۇ-سانا ئېيتىمىز، سېنىڭ نامىڭ يۈكسەكتۇر، سېنىڭ شانىڭ شەۋكىتىڭ بۈيۈكتۇر، سەندىن ئۆزگە ئىلاھ يوقتۇر.

سَمِعَ اللّٰهُ لِمَنْ حَمِدَهُ.

ئاللاھ ئۆزىگە مەدھىيە ئوقۇغان كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى.

www.uyghurkitap.com



رَبَّنَا وَلَكَ الْحَمْدُ. سُبْحَانَ رَبِّيَ الْعَظِيمِ.

ئى پەرۋەردىگارىمىز! بارچە ھەمدۇ-سانا ساڭىلا مەنسۇپتۇر.

سُبْحَانَ رَبِّيَ الْأَعْلَى.

ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمنى بارچە ئەيىب-نۇقسانىدىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن.

اَلتَّحِيَّاتُ لِلّٰهِ وَالصَّلَوَاتُ وَالطَّيِّبَاتُ، السَّلَامُ عَلَيْكَ أَيُّهَا النَّبِيُّ وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ، السَّلَامُ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ اللهِ الصَّالِحِينَ أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ، وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ.

ياخشى سۆز-سالاملار (تىل ئارقىلىق بولىدىغان ئىبادەتلەر)، نامازلار ۋە ئىقتىسادى ئىبادەتلەر ئاللاھقا خاستۇر، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ساڭا تىنچلىق ۋە ئاللاھنىڭ بەرىكەت-رەھمىتى بولسۇن! بىزگە شۇنداقلا ياخشى كىشىلەرگە تىنچ-ئامانلىق بولسۇن! مەن شۇنداق گۇۋاھلىق ئېيتىمەنكى، ئاللاھتىن ئۆزگە ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.

## الصلاة على النبي

## پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا دۇرۇد (دۇئا-تىلەك) يوللاش

اَللّٰهُمَّ صَلِّ عَلٰى مُحَمَّدٍ وَعَلٰى آلِ مُحَمَّدٍ، كَمَا صَلَّيْتَ عَلٰى إِبْرَاهِيمَ وَعَلٰى آلِ إِبْرَاهِيمَ إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ .

ئى ئاللاھ! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا رەھمەت قىلغاندەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا رەھمەت قىلغىن! شۈبھىسىزكى، سەن مەدھىيەگە لايىق، ئۇلۇغلىنىشقا لايىق زاتسەن.

اَللّٰهُمَّ بَارِكْ عَلٰى مُحَمَّدٍ وَعَلٰى آلِ مُحَمَّدٍ، كَمَا بَارَكْتَ عَلٰى إِبْرَاهِيمَ وَعَلٰى آلِ إِبْرَاهِيمَ إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ .

ئى ئاللاھ! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بەرىكەت ئاتا قىلغاندەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بەرىكەت ئاتا قىلغىن! شۈبھىسىزكى، سەن مەدھىيەگە لايىق، ئۇلۇغلىنىشقا لايىق زاتسەن.

## دعاء القنوت

## ئىتائەتمەنلىك دۇئاسى

اَللّٰهُمَّ إِنَّا نَسْتَعِينُكَ وَنَسْتَغْفِرُكَ وَنُؤْمِنُ بِكَ وَ نَتَوَكَّلُ عَلَيْكَ وَنُثْنِي عَلَيْكَ الْخَيْرَ نَشْكُرُكَ وَلاَ نَكْفُرُكَ وَنَخْلَعُ مَنْ يَفْجُرُكَ اَللّٰهُمَّ إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَلَكَ نُصَلِّي وَنَسْجُدُ وَإِلَيْكَ نَسْعَى وَنَحْفِدُ نَرْجُو رَحْمَتَكَ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



وَنَخْشَى عَذَابَكَ إِنَّ عَذَابَكَ بِالْكُفَّارِ مُلْحِقٌ.

ئى ئاللاھ! بىز سەندىن ياردەم سورايمىز ۋە مەغپىرەت تەلەپ قىلىمىز، ساڭا ئىمان كەلتۈرىمىز، ساڭا تەۋەككۈل قىلىمىز، ساڭا مەدھىيە سانا ئېيتىمىز، ساڭا شۈكۈر قىلىمىز، كۇفرىلىق قىلمايمىز، سېنى ئىنكار قىلغانلاردىن يۈز ئۆرۈيمىز، ئى ئاللاھ! بىز ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز، سېنىڭ ئۈچۈنلا ناماز ئوقۇيمىز ۋە سەجدە قىلىمىز، سېنىڭ رىزالىقىڭغا ئالدىرايمىز ۋە تىرىشىمىز، سېنىڭ رەھمەت شەپقىتىڭنى ئۈمىد قىلىمىز، ئازابىڭدىن قورقىمىز، ھەقىقەتەن سېنىڭ ئازابىڭ كافىرلارغا چۈشىدۇ.

الاذكار والادعية بعد الصلاة

## نامازدىن كېيىنكى دۇئا ۋە زىكىرلەر

أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ، وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ.

مەن شۇنداق گۇۋاھلىق ئېيتىمەنكى، يەككە-يېگانە ئاللاھتىن ئۆزگە ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھنىڭ ھېچبىر شېرىكى يوقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرىدۇر.

**اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ، وَمِنْ عَذَابِ النَّارِ، وَمِنْ فِتْنَةِ الْمَحْيَا والْمَمَاتِ، ومِنْ فِتْنَةِ الْمَسِيحِ الدَّجَّالِ.**

ئى ئاللاھ! مەن سەندىن قەبرە ئازابىدىن، دوزاخ ئازابىدىن، ھاياتلىق ۋە ماماتلىقنىڭ پىتنە ـ پاساتلىرىدىن، دەججالنىڭ ئازدۇرۇشىدىن ساقلىشىڭنى سورايمەن.

**اللِّهمَ أنْتَ السَّلامُ ومِنْكَ السَّلامُ، تَبَارَكتَ يا ذَا الجَلالِ والإكْرَام.**

ئى ئاللاھ! سەن تىنچ ـ ئامانلىق بېغىشلىغۇچى زاتسەن، تىنچ ـ ئامانلىق بىزگە سەندىن يېتىدۇ، ئەي ئۇلۇغلۇق ۋە كەرەملىك ئىگىسى ئاللاھ! سەن يۈكسەكتۇرسەن.

**اللَّهُمَّ أَعِنِّي على ذِكْرِكَ، وشُكْرِكَ، وَحُسنِ عِبادتِكَ.**

ئى ئاللاھ! مېنىڭ سېنى زىكرى قىلىشىمغا، ساڭا شۈكرى قىلىشىمغا ۋە ساڭا ياخشى ئىبادەت قىلىشىمغا مەدەت بەرگىن!

**اللهم أصلح لنا ديننا الذي هو عصمة أمرنا. اللهم أصلح لنا دنيانا التي فيها معاشنا. اللهم أصلح لنا آخرتنا التي إليها معادنا.**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



اللهم اجعل الحياة زيادة لنا في كل خير. اللهم اجعل الموت راحة لنا من كل شر.

ئى ئاللاھ! بىزنىڭ ئىشىمىزنىڭ ئاساسى بولغان دىنىمىزنى ياخشى قىلىپ بەرگىن! ئى ئاللاھ! بىزنىڭ تىرىكچىلىكىمىز بولغان دۇنيالىقىمىزنى ياخشى قىلىپ بەرگىن! ئى ئاللاھ! بىز ئاخىرقى بارار جايىمىز بولغان ئاخىرەتنى ياخشى قىلىپ بەرگىن! ئى ئاللاھ! ھاياتىمىزنى بارچە ياخشى ئىشلاردا زىيادە قىلىپ بەرگىن! ئى ئاللاھ! بىزنىڭ ئۆلۈمىمىزنى بارچە يامانلىقتىن راھەت قىلىپ بەرگەيسەن!

اللهم إنا نسألك موجبات رحمتك، وعزائم مغفرتك، والغنيمة من كل بر، والسلامة من كل إثم، والفوز بالجنة، والنجاة من النار.

ئى ئاللاھ! سەندىن رەھمىتىڭنىڭ سەۋەب شەرتلىرىنى، مەغپىرىتىڭنىڭ يوللىرىنى سورايمىز! شۇنداقلا ھەربىر ياخشىلىقنى قولغا كەلتۈرۈشنى، بارچە گۇناھتىن سالامەت بولۇشنى، جەننەتكە ئېرىشىپ دوزاختىن قۇتۇلۇشنى سورايمىز!

اللهم أحسن عاقبتنا في الأمور كلها، وأجرنا من خزي الدنيا وعذاب الآخرة.

ئى ئاللاھ! بارچە ئىشلىرىمىزنىڭ خاتىمىسىنى ياخشى قىلىپ بەرگىن، بىزنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خار بولۇپ قىلىشتىن ساقلىغىن!

اللهم لك الحمد كله، ولك الملك كله، ولك الأمر كله، لا هادي لما أضللت، ولا مضل لما هديت، ولا مباعد لما قربت، ولا مقرب لما باعدت.

ئى ئاللاھ! بارچە مەدھىيە-تەرىپلەر ساڭىلا تەئەللۇقتۇر، بارچە ھوقۇق ئىگىدارلىق ساڭىلا خاستۇر، بارلىق ئىش سېنىڭ ئىلكىڭدىدۇر، سەن ئازدۇرغان كىشىنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ، سەن ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىم ئازدۇرۇۋېتەلمەيدۇ، سەن يېقىن قىلغان ئىشنى ھېچكىم يىراق قىلالمايدۇ، سەن يىراق قىلغان ئىشنى ھېچكىم يېقىن قىلالمايدۇ.

اللهم ابسط علينا من بركاتك وفضلك ورحمتك ورزقك.

ئى ئاللاھ! بىزگە بەرىكەتلىرىڭنى، پەزلى-رەھمىتىڭنى، رىزىق-ئاتالىرىڭنى مول قىلىپ بەرگەيسەن!

اللهم إنا نسألك الأمن يوم الخوف، ونسألك النعيم المقيم، الذي لا يحول ولا يزول.

ئى ئاللاھ! قورقۇنچلۇق كۈندە بىزنى ئەمىن قىلغىن! بىز سەندىن ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان ۋە يوقۇلۇپ كەتمەيدىغان مۇقىم نېمەتلىرىڭنى تىلەيمىز!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**اللهم حبب إلينا الإيمان وزينه في قلوبنا، وكره إلينا الكفر والفسوق والعصيان، واجعلنا من الراشدين، يا أكرم الأكرمين!**

ئى ئاللاھ! بىزگە ئىماننى سۆيۈملۈك قىلغىن ۋە ئۇنى قەلبىمىزدە چىرايلىق قىلغىن، بىزگە كۇفرى، گۇناھ-مەئسىيەتنى يامان كۆرسەتكىن، ئەڭ كەرەملىك ئاللاھ! بىزنى توغرا يولدىكى كىشىلەردىن قىلغىن!

**اللهم إنا نعوذ بك من قلب لا يخشع، ومن دعاء لا يُسمع، ومن علم لا ينفع، يا ذا الجلال والإكرام!**

ئۇلۇغلۇق ۋە كەرەملىك ئىگىسى بولغان ئى ئاللاھ! بىز سەندىن قورقماس قەلب، ئىجابەتسىز دۇئا، مەنپەئەتسىز ئىلىمدىن پاناھ ئىزدەيمىز.